# تەپەككۇر ماقالىلىرى

# مۇندەرىجە


1.ئۈمەر ۋە تاشپاقا.........................................................................3

2.ھۆسەيىن ۋە فىل.........................................................................7

3.رەشىدنىڭ ئاكىسى ئۈنىڭغا نىمنى ئۆگەتتى.................................10

4.ئۆمەر بىلەن پىنگۋىن......................................................................15

5.جامال بىلەن شاتۇتى.......................................................................18

6.ھەممە ئىشتا ياخشىلىق بار.............................................................21

7.ئەھمەد بىلەن ئۆردەك......................................................................25

8.ئۇماق ئۈزۈن قۇيرۇقلۇق تيپىن...........................................................31

9.ياخشى سۆزگە ئەگىشىش كېرەك.........................................................37

10. مۇسۇلمانلارنىڭ پاكىزلىقى.............................................................40

11. نەئىم بىلەن توز...........................................................................44

12. ئەنۋەر بىلەن كىچىك قۇش................................................................47

13. ئەلىنىڭ كىچىك دوستى...................................................................53

14. مەقسۇد ۋە ئاسلان..........................................................................59

15. سەيىد ۋە كالمار بىلىق......................................................................62

16. كامال بىلەن سەقەنقۇر......................................................................65


17. كەرىم بىلەن ھەسەن تاغا...................................................................68

18. ئوسمان تاغا ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى..........................................................82

19. بىزنىڭ سىنىپ.................................................................................84

## ئەمەر بىلەن تاشپاقا

بىر كۈنى ئەمەر ئۆزىنىڭ ئەڭ ياقتۇرۇدىغان ھېكايىلەردىن بىر بولغان «تۇشقان بىلەن تاشپاقا» دېگەن ھېكايىنى ئوقۇۋېتىپ توشقاننىڭ تاشپاقىنى كـۆزگە ئىلماي رەقىبىـدىن چاققـانلىق جەھەتـتە ئىنتـايىن يـۇقىرى بولـسىمۇ، رەقـىبىگە يېڭىلىـپ قالغانلىقىدىن كۈلۈپ كەتتى. ئۇ بـۇ ئـىشلارنى ئويلاۋاتقانـدا، تۇيۇقـسىز كىتـابتىكى تاشپاقا ئەمەرگە سۆزلەشكە باشلىدى.



تاشـپاقا سۆزلەشـنى باشـلاپ: «ئەسـسالامۇ ئەلەيكـۇم ئەمەر، سەن ياش ۋە شۇنداق ئەقىللىـق، يـاۋا تۇشـقان ۋە مەن توغرىسىدىكى بۇ ھېكايىدىن بىر ساۋاق ئۆگىنىۋاۋالايسەن.» دېدى.

ئەمەر «سەن قانچە ياش؟» دەپ سورىدى.

تاشپاقا جاۋاپ بېرىپ: «مەن بۇنداق ياش كۆرۈنگىنـىم بىـلەن يـاش ئەمەس، ئالىلقاچان 45 ياشقا كىردىم. تاشپاقىلار تەخمىنەن 60 يىل ياشـايدۇ. يەنە بىرخىـل «تىپىستۇدو» دەپ ئاتىلىدىغان بىرخىل تاشپاقا بولۇپ ئۇ 189 يىـل ئۆمـۈر كۆرىـدۇ» دېدى.

«سىلەر ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان پەسىل قايسى؟» دەپ سورىدى ئەمەر.

تاشپاقا جاۋاپ بېرىپ: «ئىسسىق كىلىمات بىزنىڭ ھايات كەچۈرشـىمىز ئۈچـۈن ئىنتـايىن مـۇھىم، بەدىنىمىزنـىڭ تېمپېراتۇرىـسى، ئەتراپىمىزدىكـى ھاۋانىـڭ ئۆزگىرىـشىگە ئاساسـەن ئۆزگىرىـپ تۇرىـدۇ. ئـادەتتە ھاۋارايىـدىن 0.1 ۋە 0.2 سېلسىيە گىرادۇس، تۆۋەن بولىدۇ. ھاۋانىڭ ئىسسىشقا قاراپ بىزنىـڭ ھەزىـم قىلىـش سىستېمىمىزنىڭ سۈرئىتى تېزلىشىدۇ. ئاللاھ بىزنى ياراتقاندا بىزگە ئىنتـايىن ئىـسسىق

**ھاۋادىمۇ ياشاش خاراكتېرىنى بەرگەن. بىز ئاللانىڭ بىزلەرگە بەرگەن سوغاتلىرىغا مۇھتاجمىز، لېكىن الله ھەقىقەتەن ھەممىدىن بىھاجەتتۇر.»**

**«ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى اللە نىڭدۇر (يەنى الله نىڭ مۈلكىدۇر، الله نىڭ مەخلۇقاتىدۇر، اللە نىڭ تەسەررۇپى ئاستىدىدۇر)، الله ھەقىقەتەن ھەممىدىن بىھاجەتتۇر، ھەمدۇساناغا لايىقتۇر [64]. سۈرە ھەج 64 ئايەت»**

**ئەمەر يەنە قىزىقىش ئىچىدە؛ «سىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكىڭ نېمە؟» دەپ سورىدى.**

**«بىز سېرىق كاۋىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىمىز، بىزنىڭ كۆزىمىز ئىنتايىن ئۆتكۈر بولۇپ كۆزلىرىمىز سېرىق رەڭنى ياخشى تونۇيدۇ. بۇنىداق دېگەنلىك بىز ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكىمىزنى ئاسانلا تاپالايمىز دېگەنلىكتۇر،» دەپ جاۋاپ بەردى تاشپاقا.**

**ئەمەر تاشپاقىغا يەنە بىر سۇئال قويدى.**



**«سىلەر قىشتا قىشلىق ئۇيقىغا كىتەمسىلەر؟»**

**تاشپاقا جاۋاپ بېرىپ: «شۇنداق، ئۆكتەبىر ئايلىرىدا ھاۋا سوۋۇشقا باشلىغاندا، بىزنىڭ يېمەكلىك تېپىشىمىز قىيىنلىشىدۇ. ھەمدە بەدىنىمىزنىڭ ھەرىكىتى ئاستىلاپ كېتىدۇ، ئۆزىمىزنى قوغداش ئۈچۈن بىرنەچچە ئاي ئۇخلايمىز. يۈرىكىمىزنىڭ سوقۇشى ۋە تىنىقىمىز تۆۋەنلەيدۇ. بىز ئۆكتەبىردىن، مارتقىچە قىشلىق ئۇيقۇغا كېتىمىز. ئۇلۇغ اللە بىزنى مۇشۇنداق ياراتقاچقا بىز قىش كۈنلىرى ھېچ نەرسە يېمەي ياشىيالايمىز. بۇنداق بولۇش بىزگە**

خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلۇغ الله تائالا بىزنى قوغداپ دەل ۋاقتىدا بىزگە ئۇيقا ئەۋەتىدۇ» دېدى.

ئەمەر يەنە سوئال سوراپ: «مەن بىلىمەن سەن قورۇقلۇقتا ياشايسەن، سىلەرنىڭ بىرقىسمىڭلار سۇدا ياشايدىغۇ دەيمەن، ماڭا ئۇلار توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەمسەن؟»

تاشپاقا كۈلۈمسىرەپ: «سەن توغرا ئېيتىسەن ئەمەر، ئارىمىزدا سۇزۈك سۇ تاشپاقىسى، ۋە دېڭىز تاشپاقىسى قاتارلىقلار بار. مەن قورۇقلۇقتا ياشايمەن، مەسىلەن: مەن ئېتىز ئېرىقلارنى، يۇمشاق تۇپىلىقلارنى ياخشى كۆرىمەن، سۈزۈك سۇ تاشپاقىسى بولسا سىلەر بىلىق قاچىسى، كۆل، ياكى دەريا ياقىسى دېگەندەك جايلاردا ساقلايسىلەر. دېڭىز تاشپاقىسى بولسا ئىسسىق بەلۋاغ دېڭىزلىرىدا ياشايدۇ، ھەمدە قىرغاققا تۇخۇم تۇققىلى كېلىدۇ. مەن ساڭا كارتىنا دېڭىز تاشپاقىسى توغرىسىدا قىزىقارلىق بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرەي.

كارتىتا تاشپاقىلىرى ئىسسىق بەلۋاغ دېڭىز قىرغاقلىرىغا كېلىپ تۇخۇم تۇغىدۇ. ياش تاشپاقىلار الله نىڭ ئۇلارغا بىلدۈرىشى بىلەن تۇغۇلىرىنىڭ بېشىنى دېڭىز تەرەپكە قاراپ بىسىپ قويىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئۇلار ئۆزلىرى ئەڭ ياخشى ياشايدىغان جايغا ئۇدۇللا ماڭىدۇ. بۇ كىچىك تاشپاقىلار دېڭىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھايات كەچۈرىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى جاي ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىسۇن؟ بۇ ئىلىمنى چوقۇم ئۇلۇغ الله ئۇلارغا ئىلھام قىلىپ بىلدۈرگەن.


ئەمەر : «توغرا ئېيتىسەن، ھەربىر تەپەككۇر قىلغۇچى بىلىشى كېرەككى پۈتۈن دۇنيا ئۇلۇغ الله نىڭ ئاجايىباتلىرى بىلەن تولغان. بىز دائىم ئەسلىشىمىز كېرەككى، سەن، مەن ۋە جانلىقلار، دەرەخلەر ۋە ھەربىر نەرسىدە ئۇنىڭ دەلىللىرى بار. بۇ ناھايىتى ياخشى سۆھبەت بولدى، ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئېيتىپ بەرگەنلىكىڭ

ئۈچۈن الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن!. الله قا ئامانەت!» دېدى.

«الله قا ئامانەت! ئەقىللىق يىگىت!» دېدى تاشپاقا.

# ھۆسەيىن ۋە فىل

ھۈسەيىننىڭ ئانىسى ئۇنى ھەپتە ئاخىرىدا ھايۋاناتلار باغچىسىغا ئېلىپ باردى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم بىر جايدا نۇرغۇن ھايۋانلارنى كۆرۈشى ئىدى. ئۇلار فىلنىڭ ئۆيىگە باردى. بىر كىچىك فىل بالىسى، خارتۇمنى ئاستا كۆتۈرۈپ ھەمدە چۇشۇرۇۋاتاتتى، ئۇ ھەر قېتىم شۇنداق قىلغاندا ئانىسى كېلىپ ئۇنىڭغا ياردەم قىلاتتى.



ئانا پىل ھۆسەيىننىڭ ئۆزلىرىگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۈشەندۈرۈپ: «كۆردۈڭمۇ، بالام بەك كىچىك، ئۇ تېخى ئۆزىنىڭ خارتۇمنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلمەيدۇ. ئۇ مېنىڭ يېنىمدا 12 يىل تۇرمىغىچە ئايرىلالمايدۇ، ئالدىنقى ئالتە ئايدا مەن ئۇنىڭغا خارتۇمنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگىتىمەن» دېدى.

ھۆسەيىن جاۋاپ بېرىپ: «مەن دائىم پىللار خارتۇمنى نېمىگە ئىشلىتىدىغاندۇ دەپ ھەيران قالىمەن؟ سىلەر ئۇنىڭدا نەپەسلىنەمسىلەر؟» دېدى.

ئانا فىل ئۇنىڭغا: «بىزنىڭ خارتۇممىز باشقا بارلىق ھايۋانلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ بورۇن تۆشۈكلىرىمىز خارتۇممىزنىڭ ئەڭ تۈۋىگە جايلاشقان، بىز خارتۇممىزنى ئىشلىتىپ يېمەكلىك ۋە سۇلارنى ئېغىزىمىزغا سالىمىز. نەرسىلەرنى كۆتۈرىمىز، ھەمدە پۇرىيالايمىز. يەنە خارتۇممىزىغا بىر گاللون (يەنى تۆت لىتىر) سۇ ئالالايمىز. بىز ئۇنىڭ بىلەن ھەتتا بىر كىچىك كۆك پۇرچاقنىمۇ ئالالايدىغانلىقىمىزنى، بىلەمسەن؟. بىز خارتۇممىزغا ئۆزلىگىمىزدىن ئېرىشىپ قالمىغان، ئۇ پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىگىسى بولغان، ناھايىتى رەھىم شەپقەتلىك ئۇلۇغ اللە نىڭ بىزلەرگە بەرگەن سوۋغىسى» دېدى.

ھۆسەيىن سۇئال سوراپ: «سىلەر قانداق قىلىپ تويغىچە تاماق تاپالايسىلەر؟» دېدى.

ئانا فىل چۈشەندۈرۈپ: «بىز يەرشارىدىكى ئەڭ چوڭ ھايۋانلاردىنمىز. ھەر بىر فىل ھەر كۈنى 330 كىلو ئۆسۈملۈك يەيدۇ. بىز ھەركۈنى 16 سائەتتىن يېيىش ئۈچۈن سەرپ قىلىمىز.» دېدى.

ھۆسەيىن يەنە بىر سۇئال ئويلاپ: «سىنىڭ چىشلىرىڭچۇ؟» دېدى.

ئانا فىل جاۋاپ بېرىپ: «سەن كۆرگەندەك مىنىڭ ئېغىزىمنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى ئۇزۇن، ئىتتىك چىشلىرىم بار. بىز بۇ چىشلىرىمىز ئارقىلىق ئۆزلىرىمىزنى قوغدايمىز، ھەمدە سۇ تېپىش ئۈچۈن ئورەكلەرنى كولايمىز. ئەلۋەتتە بىزنىڭ چىشلىرىمىز يۇقارقى ئىشلارنى قىلىش جەريانىدا چۇشۇپ كېتىدۇ، شۇ سەۋەبتىن شەپقەتلىك ئۇلۇغ الله بىزگە ئالاھىدە بىر ئىقتىدارنى بەرگەن. بىر يېڭى چىش كونا چىشنىڭ ئورنىغا يېڭىلىنىپ چىقىپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلۇغ الله بىزنى مۇشۇنداق ياراتقان بولۇپ، بىزگە يېڭى چىش چىقىپ ئۇنى تولۇق ئىشلىتەلەيمىز.» دېدى.

ھۆسەيىن بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن: «قورسىقىڭ ئېچىپ كەتتىمۇ نېمە؟ قورسىقىڭ كورۇلداپ كەتتىغۇ؟» دېدى.



ئانا فىل كۈلۈمسىرەپ: «بىز بۇ ئاۋازنى بىر-بىرىمىز بىلەن ئالاقە قىلىش ئۈچۈن چىقىرىمىز. بىز بىر-بىرىمىز بىلەن تۆت كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرۇپ پاراڭلىشالايمىز.» دېدى.

ھۆسەيىن قايمۇقۇپ قالدى: «ئۇنداقتا، سىلەر قانداق قىلىپ ئۆز ئارا پاراڭلىشالايسىلەر؟» دېدى.

ئانا فىل: «ئۇلۇغ الله بىزنىڭ بېشىمىزغا ئالاھىدە بىر ئورگاننى ياراتقان بولۇپ، ئۇ چىقارغان ئاۋازنى ئىنسانلار ئاڭلىيالمايدۇ. شۇڭلاشقا بىز باشقا ھايۋانلار

چۈشنەلمەيدىغان بىرخىل كۈددا سۆزلەيمىز. شۇنداقلا ئىنتايىن يىراق مۇساپىدىن باشقا بىر پىل نىڭ سۆزلىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىيالايمىز. ئۇلۇغ اللە نىڭ سەلتەنەتنى بىز فىللاردىن ئىنتايىن ياخشى كۆرگىلى بولىدۇ. ئىسىڭدە چىڭ ساقلا، بىز بۇ ئىشلارنى تەپەككۇر قىلىشىمىز، ھەمدە ھەرۋاقىت ئۇلۇغ الله قا شۈكرى (تەشەككۈر) ئېيتىشىمىز لازىم.» دېدى.

ھۆسەيىن بېشىنى لىڭشىتىپ: «يۇقىرىقى ئىشلارنى ماڭا ئېتىپ بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن! ئەمدى مەن ئانامنىڭ قېشىغا قايتاي.» دېدى.

«الله قا ئامانەت! ھۆسەيىن» دېدى ئانا فىل.

ھۆسەيىن ئانىسىنىڭ قېشىغا قايتىۋېتىپ ھەيران بولغان ھالدا: «اللە نىڭ ھايۋانلاردىكى مۆجىزىلىرى نىمە دېگەن ئۇلۇغ ھە!!!» دېدى.

## رەشىدنىڭ ئاكىسى ئۈنىڭغا نىمنى ئۆگەتتى

رەشىد بىركۈنى مەكتەپتىن ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن ئاپتۇبۇس بېكىتىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە ئاپتۇبۇس ساقلاۋاتقاندا بىر بۆلۈك بالىلارنىڭ پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇلاردىن بىرسى ئۆزىنىڭ مودا كۆينەكلىرىنى، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ماشىنىلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋازدا سۆزلەۋاتاتتى. رەشىد ئۇلارغا دىققەت قىلىپ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى.

شۇنداق ئۈنلۈك ئاۋازدا سۆزلەۋاتقان يېگىتنىڭ ئىسمى ئاسىم ئىدى. ئۇ



دوستلىرىغا ئۆزىنىڭ قىممەت كىيىملىرى ۋە مودا ئويۇنچۇقلىرى توغۇرىسىدا سۆزلەۋاتاتتى. ئۆيگە يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا رەشىد ئۇ يىگىتنىڭ سۆزلىرىنى ئېدىيىسىدىن ئۆتكۈزەلمىدى. ئۇنىڭ قېرىندىشى زۇبەيىر ، رەشىدنىڭ چوڭقۇر ئويغا چۆكۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇردى. «نىمە ئىش بولدى رەشىد؟ نىمىنى خىيال قىلىۋاتىسەن؟» دەپ سورىدى.

رەشىد جاۋاپ بېرىپ: «مەن ئۆيگە قايتىش يولۇمدا بىر يىگىتنى ئۇچراتتىم، ئۇ يىگىت ئۆزىنىڭ قىممەت پۇللۇق كىيىملىرى ۋە ئەڭ مودا ئۇيۇنچۇقلىرىنى توغۇرسىدا دوستلىرىغا سۆزلەۋېتىپتۇ. ئۇ ھەقىقەتەن شەخسىيەتچى ئىكەن، ئۇ باشقا دوستلىرىنىڭ ئۇنداق قىممەت پۇللۇق نەرسىلەرگە چىقىنالمايدىغانلىقىغا دىققەت

قىلمىدى، مىنىڭچە ئۇنىڭ بۇ قىلغىنى خاتا» دېدى.

زۇبەير قوشۇلۇپ: «سەن توغرا ئېيتىسە رەشىد، ئۇنىڭ قىلغىنى خاتا. ئاللاھ بىزگە ئوخشىمىغان نېئمەتلەرنى بەرگەن، بۇنىڭ پاكىتى، بىر كىشىنىڭ نۇرغۇن ياخشى نەرسىلىرىنىڭ بولۇشى، چىرايلىق بولۇشى، كېلىشكەن بولۇشى، مۇۋاپىقىيەت قازانغان بولۇشى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىدىن بولغان ئەمەس. ئاللاھ ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سىناش يۈزىسىدىن، ھەمدە بىزنىڭ شۇ نەرسىلەرنى قانداق سەرىپ قىلىدىغانلىقىمىزنى كۆرۈش ئۈچۈن شۇنداق نېئمەتلەرنى بىزگە بەرگەن.

ئۇلۇغ ئاللاھ قا ئەڭ ياقىدىغان ئىش بىر كىشىنىڭ ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن بارلىق نەرسىلەرنى ئاللاھ نىڭ ئۇنىڭغا بەرگەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىقىدۇر. بىز ئۇلۇغ ئاللاھ نىڭ بىزلەرگە بەرگەن نېئمەتلىرىدىن ماختىنىپ كەتمەسلىكىمىز، ھەمدە ئۇ نېئمەتلەرنى ئىسراپ قىلماسلىقىمىز كېرەك. بىز دائىم ئاددىي ـ ساددا بولۇشىمىز لازىم. شۇنداقلا شەيتان بىزلەرنى تەكەببۇرلۇق قىلىشقا ئۈندەيدۇ. تۇنۇگۈن بىز بۇ ئىش توغۇرىسىدا ئوقۇغان ئايەت ئېسىڭدە بولسا كېرەك. اللە بىزگە مۇنداق دەيدۇ:

« (اللە تائالانىڭ ئۇلارنى لەۋھۇلمەھپۇزغا يېزىشى) قولۇڭلاردىن كەتكەن نەرسىگە قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە اللە بەرگەن نەرسىلەرگە خۇش بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈندۇر، اللە مۇتەكەببىرلەر ۋە ئۆزلىرىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ [23] (سۈرە ھەدىد 23ـ ئايەت)»

رەشىد بېشىنى لىڭشىتىپ: «بىز اللە نىڭ بىزلەرگە بەرگەن نېئمەتلىرىنى ئىسراپ قىلماسلىقىمىز، ھەمدە بىرەر ئىش ياكى نەرسىنى يوقۇتۇپ قويساق ھەسرەتلىنىپ كەتمەسلىكىمىز، ھەمدە ئۈمۈدسىزلەنمەسلىكىمىز كېرەك شۇنداقمۇ زۇبەير؟» دېدى.

زۇبەيرى كۈلۈمسىرەپ: «توغرا! اللە ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى، ئۇ بىزگە ئۆزى

خالىغان نىئمەتلىرىنى بېرىدۇ. ئۇ نىئمەتلەر كۆپ بولسۇن ياكى ئاز بولسۇن ھەممىسى بۇ دۇنيانىڭ سىناقلىرىدىندۇر» دېدى.

«اللە سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، اللە سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى(78).» (سۈرە نەھل 78ـ ئايەت)

رەشد ئاكىسىغا بىر سۇئال قويۇپ: «بىر ئايەتتە اللە مۇنداق دەيدۇ: « بىز (كۇففارلاردىن) تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ۋە زىبۇ زىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سىنايمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رىزقى (يەنى ساۋابى بۇ پانىي نېمەتتىن) ياخشىدۇر ۋە ئەڭ باقىدۇر(131).» (سۈرە تاھا 131ـئايەت)

ئاسمىنىڭ قىلغىنى خاتا، لېكىن ئۇ دوستلىرىنى تەسىرلەندۈردىغان ھەركەتلەر ئارقىلىق اللە قا شۈكرى ئېيتقان بولسا ئەلۋەتتە بۇ خاتا بولمايتتى شۇنداقمۇ؟

شۇنداقلا اللە نىڭ بىزگە بەرگەن كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، ئۆي، ماشىنىلاردىن ئۆزىمىزنى چوڭ تۇتۇش ھەققەتەن ياخشى ئىش ئەمەس شۇنداقمۇ؟

زۇبەير بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن: «توغرا، بۇ ھەقىقەتەن ياخشى چۈشەندۈرۈش بولدى. مەن ساڭا قۇرئانى كەرىمدىن بىر قىسسىنى مىسال ئۆچۈن ئېيتىپ بېرەي. قۇرئانى كەرىمدە اللە تائالا ئىككى كىشىنىڭ مىسالىنى بېرىدۇ.

«(بىرى مۆمىن، بىرى كاپىر بولغان) ئىككى ئادەمنىڭ مىسال قىلىپ كەلتۈرگىن: ئۇلارنىڭ بىرىگە (يەنى كاپىرغا) بىز ئەتراپى خورمىزارلىق، (ئىككى باغنىڭ) ئوتتۇرىسى ئېكىنزارلىق بولغان تاللىق ئىككى باغ ئاتا قىلدۇق [32]. ھەر ئىككىلىسى كەم ـ كۈتىسىز، تولۇق مېۋە بېرىدىغان باغلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئېقىپ تۇرىدىغان ئۆستەڭنى بەرپا قىلدۇق [33]. ئۇ (يەنى باغ

ئىگىسى) نۇرغۇن مال ـ مۈلۈككە ئىگە ئىدى، ئۇ بۇرادىرىگە پەخىرلىنىپ : « مەن سەندىن باي، ئادەملىرىم (يەنى خىزمەتچىلىرىم، باللىرىم، ياردەمچىلىرىم) سىنىڭكىدىن كۆپ» دېدى [34]. ئۇ (مۆمىن بۇرادىرىنى يېتىلەپ) بېغىغا كىرىپ (كۇفرىلىق قىلىش بىلەن) ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان ھالدا ئېيتتى :« بۇ باغ مەڭگۈ يوقالمايدۇ دەپ ئويلايمەن [35]. شۇنىڭدەك قىيامەت بولمايدۇ دەپ ئويلايمەن، ئەگەر مەن پەرۋەردىگارىمغا قايتۇرۇلغاندىمۇ (يەنى قىيامەت بولغاندىمۇ) ئەلۋەتتە بۇ باغدىن ياخشىراق جايىنى تاپىمەن» [36]. ئۇنىڭغا (مۆمىن) بۇرادىرى مۇنازىرىلەشكەن ھالدا ئېيتتى :« سېنى (ئەسلىدە) تۇپراقتىن، ئاندىن ئابمەنىدىن يارىتىپ، ئاندىن سېنى راۋۇرۇس ئىنسان قىلغان زاتنى ئىنكار قىلامسەن؟ [37] لېكىن مەن پەرۋەردىگارىم بولغان ئۇ الله نى (ئېتىراپ قىلىمەن)، پەرۋەردىگارىمغا ھېچ ئەھەدىنى شېرىك كەلتۈرمەيمەن [38]. سەن بېغىڭغا كىرگەن چېغىڭدا: اللە نىڭ خالىغىنى بولىدۇ، اللەنىڭ ياردىمى بولمىسا قولۇمىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ. دېسەڭچۇ! سېنىڭ قارىشىڭچە، مېنىڭ مېلىم ۋە ئەۋلادىم سېنىڭكىدىن ئاز بولسىمۇ [39]، ئۇمىدكى، پەرۋەردىگارىم ماڭا سېنىڭ بېغىڭدىن ياخشىراق نەرسە ئاتا قىلغاي. بېغىڭغا ئاسماندىن بىر ئاپەت يۇزلەندۇرۇش بىلەن بېغىڭ تۈپتۈز قاقاس يەرگە ئايلىنىپ قالغاي [40]، ياكى ئۇنىڭ سۈيى سىڭىپ كېتىپ ئۇنى ئىزدەش (يەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش) سېنىڭ قولۇڭدىن كەلمەيدۇ» [41]. ئۇنىڭ مېۋىلىرى (يەنى بېغى) ۋەيران بولدى، تېلىنىڭ بىدىشلىرى يەرگە يىقىلدى، ئۇ باققا سەرپ قىلغان چىقىملىرىغا (ھەسرەت چېكىپ) ئىككى ئالقىنىنى ئۇۋۇلىغىلى تۇردى ھەمدە ئۇ :« مەن پەرۋەردىگارىمغا ھېچ ئەھەدىنى شېرىك كەلتۈرمىسەمچۇ» دېدى [42].» (سۈرە كەھف 31ـ 42ـ غىچە ئايەتلەر)

باغنىڭ ئىگىسى يەنە بىر كىشىنىڭ ئاھاگالاندۇرشىنى سەممىلىك بىلەن قوبۇل

قىلماي، اللە ئۇنى جازالىدى. ئەتىسى ئۇ ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن ئۇلۇغ اللە نىڭ چەكسىز قۇدرەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى، ھەممە نەرسىنىڭ ئۇنىڭ باشقۇرىشىدا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى.

بىز قىسسىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، ھەمدە ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يول مېڭىشىمىز كېرەك رەشىد!!!» دېدى.

# ئۆمەر بىلەن پىنگۋىن

ئۆمەر بىركۈنى ئۆگىنىشتىن بۇرۇن دادىسى بىلەن بىر ھۆججەتلىك فىلىم كۆردى. ئۇ فىلىم نۇرغۇن ھايۋانلار توغۇرىسىدا بولۇپ، ئۇنى بەزى ھايۋانلارنىڭ ئىنتايىن قىيىن شارائىتىمۇ ھايات كەچۈرىشى ھەيران



قالدۇردى. ئۇ كارۋاتتا كۆرگەن نەرسىلىرى توغۇرىسىدا خىيال قىلىپ ياتتى. ئۆزىنى شۇ ھايۋانلار ياشاۋاتقان شارائىتتا قىياس قىلىپ تۇيۇقسىز ئۆزىنى پۈتۈن ئەتراپى قار بىلەن قاپلانغان بىر جايغا كىلىپ قالدى. ئۇ ئەتراپتىن ھەيران بولۇشقا باشلىدى. ئۇ تۇيۇقسىز «قارشى ئالىمىز ئۆمەر!» دىگەن ئاۋازنى ئاڭلىدى. «سەن كىم؟» دىدى ئۆمەر.

«مەن پىنگۋىن» دەپ جاۋاپ كەلدى. سۆزلەۋاتقان بۇ جانلىق خۇددى مۇراسىم كىيىمى كىيىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۆمەرنىڭ يادىغا ئاشۇ كۈنى كەچتە دادىسى بىلەن كۆرگەن ھۆججەتلىك فىلىمنىڭ پىنگۋىن قىسمى كەلدى.

«ھە راست! سىنىڭ ياشاش ئەھۋالىڭ توغۇرىسىدا تېلىۋىزوردا كۆرگەن، بۇ يەر ھەقىقەتەن قاتتىق سوغۇق. سىلەر بۇ يەردە توڭلىمامسىلەر؟» دىدى ئۆمەر.

پىنگۋىن جاۋاپ بىرىپ: «بۇ يەر جەنۇبى قۇتۇپ، تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 88- سېلسىيە گرادۇسقا چۈشىدۇ. بۇ مۇھىتتا نۇرغۇن جانۋارلار ئۆلۈپ كېتىدۇ. لېكىن بىز قىنالمايلا ياشىيالايمىز. بۇ پەقەت ئۇلۇغ الله نىڭ بىزلەرگە ئالاھىدە ئىقتىدارنى بەرگەنلىكىدىن بولغان. چۈنكى بىزنىڭ تېرىمىزنىڭ ئاستىدا ئىنتايىن قېلىن بىر

قاتلام بۆلۈپ، بىز باشقا ھايۋانلاردەك ئۇنداق قاتتىق سوغۇقنى سەزمەيمىز. قىش كەلگەندە بىز تېخىمۇ يىراق ھەمدە ئۇزۇن بولغان جەنۇبى قۇتۇپ ساھىلىغا بارىمىز» دېدى.

ئۆمەر: «بۇنىڭ مەنىسى سىلەر كۆچۈپ يۈرىدىكەنسىلەر ھە! سىلەردە يەنە مەن بىلمەيدىغان باشقا ئىقتىدارلار بارمۇ؟ مەسىلەن: ھۆججەتلىك فىلىمدا دىيىشچە سىلەر تۇخۇم بېسىۋاتقاندا چۈجىلەر تۇخۇمدىن چىقىپ بولغۇچە ئۇلارغا ئاجايىپ كۆڭۈل بۆلىدىكەنسىلەر. بۇ ئىشلار توغۇرىسىدا ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟» دېدى.

پىنگۋىن كۈلۈمسىرەپ: « ئەلۋەتتە بۆلىدۇ، باشقا ھايۋانلارغا ئوخشىمايدىغان يېرىمىز، بىزدە چىشى پىنگۋىن ئەمەس، ئەركەك پىنگۋىن تۇخۇم باسىدۇ. ئۇلار بۇ تۇخۇمنى 65 كۈن مىدىرلىماستىن نۆلدىن تۆۋەن -30 سېلسىيە گىرادۇستا ساقلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا چىشى پىنگۋىن، چۈجە تۇخۇمدىن چىققۇچە، يىمەكلىك ئىزدەيدۇ. چۈجىلەر تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن تۇنجى بىر ئاينى دادىسىنىڭ ھەمدە ئانىسىنىڭ پۇتى ئۈستىدە ئۆتكۈزىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلماي يەرگە چۈشسە، ئىككى مىنۇت ئىچىدە توڭلاپ ئۆلىدۇ» دېدى.

ئۆمەر بېشىنى لىڭشىتىپ: «سىلەر بۇلارغا ئىنتايىن قاتتىق دىققەت قىلىدىكەنسىلەر ھە؟» دېدى.

پىنگۋىن جاۋاپ بېرىپ: «ئۇلۇغ الله ھەر بىر جانلىققا قانداق قىلىشنى ئۆگەتتىدۇ. بىز پەقەت الله نىڭ بىزگە ئىلھام قىلغىنىنى قىلىمىز» دېدى.

ئۆمەر قوشۇلۇپ: «پەرۋەردىگارىمىز ھەرقانداق جانلىققا قەيەردە بولمىسۇن، قانداق شارائىتتا بولمىسۇن، ماكانلىشىپ يىمەكلىك تېپىشنى ئۆگۈتىدۇ. مانا سىلەر پىنگۋىنلارنىڭ ھاياتى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆلگىسى» دېدى.

پىنگۋىن بۇرۇلۇپ: «سەن باشقا جانلىقلاردىن نۇرغۇن مىساللارنى تاپالايسەن.

مىنىڭ ئائىلەم مىنى ساقلاۋاتىدۇ، ئەپسۇس، مەن ماڭمىسام بولمايدۇ» دېدى.

تۇيۇقسىز ئۆمەر سائەتنىڭ جىرىڭلىغىنىنى ئاڭلىدى. بۇ ۋاقىت سەھەر ناماز ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىدى. ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ سەپىرىنىڭ بىر تاتلىق چۈش ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

## جامال بىلەن شاتۇتى

جامال ئۆيدە بىر ئەرمەك قۇش بېقىشنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلاتتى. بىر كۈنى دادىسى ئۆيگە بىر يېشىكنى كۆتۈرۈپ كىرگەندە ئۇ كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. دادىسى يېشىكنى ئېچىپ بىر سېرىق شاتۇتنى ئالدى، جامال ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتكەن ئىدى.

تۈنجى كۈنى كەچتە جامال بىلەن شاتۇت ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن ياخشى سۆھبەت بولدى.



جامال: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم چىرايلىق شاتۇتى! مەن سېنى ياخشى بېقىشىم كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سەن توغرۇلۇق كۆپرەك بىرنەرسە بىلىشىم كېرەك. سەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكنى ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟» دېدى.

«مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تاماقىم تېرىق» دېدى شاتۇتى.

«ئۇنى قانداق يەيسەن؟ » دەپ سورىدى جامال.

شاتۇتى جاۋاپ بېرىپ: « مەن يېمەكلىكنى ئىككى پۇتۇم بىلەن تۇتۇپ خۇددى ساندۇقچ يېگەندەك يەيمەن. مەن دانىنىڭ قاسىرىقىنى ئىككى قىلىپ ئۇرۇقىنى تىلىم بىلەن ماھىرلىق بىلەن ئېلىپ يەيمەن. ھەممە اللە نىڭ ماڭا بەرگەن ئىلتىپات ۋە

رەھمىتى ئارقىلىق ئاچلىقىنى تويغۇزىمەن»دېدى.

جامال سۇئال سوراپ: «مەن ئىنتايىن قىزىقىپ قالدىم، سەن بۇنىداق ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان چىرايلىق پەيلەرگە قانداق ئېرىشكەن؟» دېدى.

«بارلىق قۇشلارغا ئوخشاش» دېدى شاتۇتى. «پەيلىرىمدىكى بۇ رەڭلەر پەيلىرىمنىڭ ئىچىدىكى بىر ماددىدا ساقلانغان بولۇپ ئۇ شەكىللىنىشكە باشلىغاندا شۇ ماددىغا ئاساسەن ئۆنۈپ چىقىدۇ. سەن پەيلىرىمنىڭ بىرسى چۈشۈپ كەتسە شۇنىڭ ئورنىغا يېڭى بىرسىنىڭ ئۆسۈپ چىقىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ شۇنداقلا ھەرۋاقىت يېڭى ئۆسۈپ چىققىنى بۇرۇنقىسى بىلەن ئوخشاش رەڭدە ئۆسۈپ چىقىدۇ. مانا بۇ الله نىڭ مەخلۇقاتلىرىنى ئەڭ مۇكەممەللىكىنىڭ يەنە بىر ئىسپاتى» دېدى.

جامال بېشىنى لىڭشىتىپ: «ھەقىقەتەن كارامەت ئىكەن! سەن ئاڭلىغانلىكى ئاۋازنى دورىيالامسەن؟ سەن ئۇ ئاۋازنى قانداق چىقىرىسەن؟» دېدى.

« الله (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر،......» (سۈرە ھەشر 24ـ ئايەت»


«مەن ئاڭلىغان ئاۋازلارنى دورىيالايمەن. لېكىن ئۇلارنى چۈشىنەلمەيمەن. بۇ الله نىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەندەك ئەقلى يوق، ئىقتىدارىنى تەرەققى قىلدۇرالمايدىغان بىر ھايۋان قانداق قىلىپ ئاۋازلارنى دورىيالىسۇن. بۇ پەقەت شەپقەتلىك رەببىمىز الله نىڭ يارىتىش قۇدرىتى بىلەن مىنى مۇشۇنداق رەڭلىك، سۆزلىيەلەيدىغان قۇش قىلىپ ياراتقانلىقىدىندۇر. ئۇ الله ھەرقانداق ئىشنى ئەڭ مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر» دېدى شاتۇتى چۈشەندۈرۈپ.

جامال كۆلۈمسىرەپ: «ئۇلۇغ الله نىڭ مىنى مۇشۇنچىلىك چوڭ قىلغىنلىقىغا شۈكرى ئېيتىمەن. سىنىڭ بۇ ئۆيدە ياخشى ياشىشىڭ ئۈچۈن مەن قولۇمدىن كېلىدىغان ھەممە ئىشنى قىلىمەن. يەنە بىر قېتىم ئۆيگە كەلگەنلىكىڭنى قارشى ئالىمەن

چىرايلىق شاتۇتى» دېدى.

«ئىسسىقتە چىك ساقلا!» دېدى شاتۇتى. « ئۇلۇغ ئاللاھ سېنىڭ كائىناتتىكى مۆكەممەل يارىتىلمىشلىرىنى كۆرگەن ۋاقتىڭدا بىزنىڭ قىلدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشىمىز، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئەسلەش، ئۇنىڭغا شۈكرى ئېيتىش، ھەمدە ھەرۋاقىت ئۇنى ئەسلەپ تۇرۇش» دېدى.

## ھەممە ئىشتا ياخشىلىق بار



ئەلى بولسا ئالى مەكتەپنىڭ ياخشى ئوقۇغۇچىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچى، دوستلىرى ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ناھايىتى ئەدەپلىك بولۇپ، ئانىسىنى، دادىسىنى ۋە ئۆزىدىن چوڭلارنى ھۆرمەت قىلاتتى. ئەلىنىڭ ئىشلارغا بولغان ئىنكاسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ تېخى يۈز بەرمىگەن ئىشلار ئۈستىدە ئەنسىرەپلا يۈرەتتى. مەسلەن: ئەگەر مەكتەپتە ئىمتىھان ئالماقچى بولسا، ئۇ دائىم تۆۋەن نومۇر ئېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئىنتايىن تىرىشىپ ئۆگەنسىمۇ، لېكىن تولا ئەنسىرەپ كېسەل بولۇپ قالاتتى. بۇ ئۇنىڭ زېھنىنى يىغىشقا زور قىيىنچىلىق ئېلىپ كېلەتتى، بەزى ۋاقىتلاردا گەرچە ئۇ جاۋاپلارنى ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن تولۇق بىلسىمۇ، خاتا جاۋاپ بېرىپ سالاتتى. بەزى ئىشلارنى قىلالمىسا ياكى ئەمەلگە ئاشۇرالمىسا تېزلا ئۈمىدسىزلىنىپ، ھەسرەتلىنىپ كېتەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشلارنى قىلالمايدىغانلىقىنى ياكى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغانلىقىدىن ئاچچىقلىنىپ كېتەتتى.

بىر كۈنى ئەلى مەكتەپتىن ئىنتايىن خوشال ۋە ھاياجان ئىچىدە ئۆيگە قاتتى. ئۇ ئۆيگە كەلگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئانىسى ئاشخانىدا تاماق تەييارلاۋاتاتتى. ئۇ شۇزامان ئانىسىغا مەكتەپتە يۈز بەرگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى.

ئەلى ھاياجانلانغان ھالدا: «ئاپا! بىز ھەپتە ئاخىردا مەكتەپتىن دالا سەيلىسىگە چىقماقچى، بىز ئۇيەردە دالا تامىقى يەپ، تـوپ ئوينـاپ، سـەيلە قىلىـپ، ئويناپ كەلمەكچى، بولامدۇ؟» دېدى.

«بولىـدۇ! بـۇ خۇشـخەۋەر كەنغـۇ دەپ كۈلۈمـسىرىدى» ئاپىـسى. «بۇياققـا كەل قولۇڭنى يۇيۇپ تاپشۇرۇقۇڭنى ئىشلە!» دېدى ئاپىسى.

ئەلـى ئاپىـسى دېگەنـدەك قىلىـپ قـولىنى ۋە يـۈزىنى يۇيـۇپ تاپـشۇرۇقلىرىنى ئىشلەشكە باشلىدى. لېكىن ئۇ ناھايىتى ھاياجانلانغان ئىـدى. ئـۇ دالا سەيلىـسىنى كۆڭۈللۈك ئويناش توغۇرىسدا ئويلىنىۋاتـاتتى. تۇيۇقـسىز ئۇنىـڭ خيالىغـا بىـر ئـىش كەچتى. ئۇ : «ئەگەر ھەپتە ئاخىرىدا كىسەل بولۇپ قالسام قانداق بولا؟ ئـۇ چاغـدا مەن دالا سەيلىسىگە چىقالمايمەن. دوستلىرىم دالا سەيلىـسىدە ئويناۋاتقانـدا مەن ئۆيدە كارۋاتتا ياتىدىغان گەپ» دېگەنلەرنى ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەرىشان بولۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭ خوشاللىقى يوقاپلا كەتتى. ئـۇ تاپـشۇرۇقلىرىنى ئـىشلىگەچ خيالغا پاتتى.

تاماق ۋاقتىدا ئەلىنىڭ دادىسى ئۆيگە كەلدى. ئەلىنىڭ ئاپىسى ئـۇنى تاماققـا چاقىردى. ھەممەيلەن تاماق ئۈستىلىدە بىـرگە ئولتـۇردى. ئەلـى بولـسا ناھـايىتى جىمىپ، قايغۇرۇپلا كەتكەن ئىدى، چۈنكى ئۇنى يامان خياللار قاپلىۋالغان ئىـدى. ئۇنىـڭ ئاپىـسى ئۇنىڭـدىكى ئۆزگىرىـشلەرنى كـۆرۈپ ھەيـران قالـدى. ئەلىنىـڭ دادىسمۇ ئۇنىڭ قايغۇلۇق چىرايىغا دىققەت قىلىـپ، ئۇنىـڭ بىـلەن سۆزلىشىـشكە باشلىدى.

«بۈگۈن مەكتەپتە نىمە ئىش قىلدىڭلار؟» دادىسى سورىدى.

«بىز يېڭى بىلىملەرنى ئۆگەندۇق دادا! ماتىماتىكا دەرىسىدە مۇئەللىم دوسـكىغا چىقىرىپ ئىشلەشكە بەرگەن مەسىلىنى ئىشلىيەلىدىم» دېدى. ئەلى جاۋاپ بىرىپ.

«بۆگۈن ئاڭلىغان خۇشخەۋەرنى داداڭغا ئېيتىپ بەرمەمسەن ئەلى!» دېدى ئاپىسى.

«بىز ھەپتە ئاخىردا سەيلىگە چىقماقچى دادا»دېدى ئەلى.

«خۇشخەۋەر كەنغۇ!» «لېكىن سەن ئانچە خۇشال كۆرۈنمەيسەنغۇ؟» دېدى دادىسى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

«مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەن ۋاقتتا ئىنتايىن خوشال ئىدىڭ، لېكىن ھازىر ناھايىتى پەرىشان كۆرۈنىسەن» دېدى ئاپىسى.

ئەلى: «شۇنداق مەن خۇشال ئىدىم، لېكىن مەن ئويلىنىپ پەرىشان بولۇپ قالدىم» دېدى.

«نىمە ئۈچۈن پەرىشان بولۇپ قالدىڭ ئەلى؟» دادىسى سورىدى.

ئەلى: «ئەگەر ھەپتە ئاخىردا كېسەل بولۇپ قالسام، ئۇ سەيلىگە بارالمايمەن. شۇڭا مەن پەرىشان بولۇپ قالدىم» دېدى.

ئاپىسى ئۇنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن: «ئەلى سەن ھازىر كېسەل ئەمەسقۇ. ئەمما بىز كېيىن نىمە ئىش بولۇشنى بىلمەيمىز. كەلگۈسىدە بولىدىغان ياكى بولمايدىغان ئىشلار ئۈچۈن پەرىشان بولۇپ يۈرىشىڭ توغۇرىمۇ؟» دېدى.

دادىسى: «ئەلى قارا! شەيتان ئاشۇنداق يامان ئويلارنى سىنىڭ يادىڭغا كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سەن تېخى يۈز بەرمىگەن ئىشلار توغۇرىسىدا پەرىشان بولۇپ يۈرىسەن. مانا بۇنى ئەنسىرەش دەپ ئاتايمىز. بارلىق خىيالىمىزغا كەلگەن يامان ئويلار. ئەنسىرەشلەر، بولمىغان ئىشلارغا نىسبەتەن كەلگەن پەرىشانلىقلار ھەممىسى شەيتاندىن كەلگەن. ئۇلۇغ الله بىزگە مۇشۇنداق ئىشلار يۈز بەرگەندە نىمە قىلىشىمىزنى ئېيتىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئەگەر شەيتان ساڭا ۋەسۋەسە قىلسا، (شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن) اللە غا

سېغىنىپ پاناھ تىلىگىن. اللە ھەقىقەتەن (سۆزۈڭنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر (ئىــشىڭنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر (200).» (سۈرە ئەئراف 200ـ ئايەت)

«ئەلــى!» دېــدى ئاپــسى: «ئەگەر قاچــان ئەشــۇ يامــان خىيــاللار خىيالىڭغــا كىرۋالسا، اللە قا يۈزلىنىپ ئىبادەت قىلغىن» دېدى.

دادىسى داۋاملاشتۇرۇپ: «ئۇلۇغ اللە بىزنىڭ ھاياتىمىزدا يۈزبېرىــدىغان بــارلىق ئىشلارنى ئالدىن ئالا بېكىتىپ بولغان. ئۇ بىزگە ھەر ۋاقىت ياخشىلىقنى ئىرادە قىلىدۇ. ئەگەر سەن سەيلىگە بارالماي قالساڭ، بۇمۇ سەن ئۈچۈن ياخشى ئىش بولىدۇ. بەزى كىشىلەر ھەممە ئىشتا ياخشىلىقنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. شــۇنىڭ بىــلەن ئۇلارغــا يۈزبەرگەن بەزى ئىشلار ئۈستىدە پەرىشان بولۇپ يۈرىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇلۇغ اللە ئۇلارنى بەزى ناچار ئىــشلاردىن ســاقلاپ قالغــان بولىــدۇ. لــېكىن ئــۇلار بــۇنى ئويلىماي، دائىم پەرىشان ۋە ئەنسىرەپلا يۈرىدۇ» دېدى.

ئەلى بېشىنى لىڭشىتىپ: « توغرا، ئەمدى چۈشەندىم، ھازىردىن باشــلاپ يامــان خىياللار بېشىمغا كىرۋالسا دەرھال اللە قا يۈزلىنىپ ھەممە ئىشىمنىڭ ياخشى قىلىــپ بېرىشىنى تىلەيمەن» دېدى.

## ئەھمەد بىلەن ئۆردەك

ئەھمەد ئائىلىدىكىلىرى بىلەن ھەپتە ئاخىرىدا چوڭ دادىسىنىڭ ئۆيىگە يوقلاپ باردى. تاماقتىن بۇرۇن ئادەتتىكىدەك ئەھمەدنىڭ بوۋىسى ئۇنى باغقا ئېلىپ چىقتى. ئۇلار باغقا كەلگەندە ئەھمەد كۆلدە سۇ ئۈزۈپ ئويناۋاتقان ئۆردەكلەرنى كۆرۈپ ناھايىتى خوشال بولدى. چوڭ دادىسى ئەھمەدنىڭ ئۆردەكلەرگە ئىنتايىن ئامراق ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە ئۇلارنى بېرىدىغان ئازراق دان ئېلىۋالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دانلارنى ئەھمەدكە بېرىپ قىرغاقتا ئولتۇردى. ئەھمەد ئۆردەكلەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ بېرىپ «ھەي! مېنىڭ ئىسمىم ئەھمەد. مەن سىلەرگە ئازراق دان ئېلىپ كەلدىم» دېدى.



«ئۆردەكلەردىن بىرسى ساڭا كۆپ رەھمەت ئەھمەد» دېدى. «مەن ئويلاپ قالدىم، ئەگەر ئىنسانلار سىلەرنى باقمىسا، ياكى سىلەر ئىنسانلار يوق جايلارغا بېرىپ قالساڭلار، يېمەكلىكنى قاندىق تاپىسىلەر؟» دېدى.

ئۆردەك جاۋاپ بېرىپ: «بىز دائىم سۇدا تۇرمايمىز، قۇرۇقلۇقتا تۇرغاندا

يىمەكلىكنى سۇدىن تېپىپ يەيمىز» دېدى.

«لېكىن مەن سۇدىن ھېچقانداق يىمەكلىكنى كۆرمىدىم، پەقەت سىلەرنىڭ سۇ ئۈزگۈنۈڭلارنىلا كۆردۇم» دېدى، ئەھمەد چۈشەنمىگەندەك قىلىپ.

ئۆردەك چۈشەندۈرۈپ: «بىز سۇدىن يىمەكلىكنى بىرنەچچە خىل ئۇسۇل بىلەن تاپىمىز. بەزى ئۆردەكلەر سۇ يۈزىدە لەيلەپ يۈرۈپ بەزى ئۇسسۇملۇك، ۋە ھاشارەتلەرنى يەيدۇ. بەزىلىرىمىز بېشى بىلەن سۇغا تىك شۇڭغۇپ قۇيرۇقى بىلەن ھاۋادىكى يىمەكلىكلەرنى ئىز دەيدۇ. يەنە بەزىلىرى سۇ ئاستىغا شۇڭغۇپ شۇ ئۇسۇل بىلەن يىمەكلىك ئىزدەيدۇ» دېدى.

ئەھمەد يەنە بىر سۇئال قويۇپ: «سىلەر نىمە ئۈچۈن داۋاملىق سۇدا تۇرىسىلەر؟ نىمە ئۈچۈن سىلەر ئەتراپتىكى قۇرۇقلۇقلاردا ماڭمايسىلەر؟» دېدى.

«بىزنىڭ سۇ ئۈزۈش پەردىسى بار پۇتلىرىمىز بىلەن بىز سۇدا ئىنتايىن تېز ئۈزىمىز. لېكىن قۇرۇقلۇقتا ماڭماق بىز ئۈچۈن بەك تەس» دېدى ئۆردەك.

ئەھمەد يەنە سۇئال سوراپ: «مەن سۇغا چۈشكەن ۋاقتتا، سۇ يۈزىدە لەيلەپ تۇرۇش ئۈچۈن دائىم ھەركەت قىلىپ تۇرىمەن. ھەمدە چۆكۈپ كەتمەي تۇرۇشۇم ئۈچۈن سۇ ئۈزۈش پالىقى ئىشلىتىمەن. سىلەر قانداق قىلىپ سۇ يۈزىدە شۇنچە ئۇزۇن لەيلەپ تۇرىسىلەر؟» دېدى.

«شۇنداق سىلەر سۇ يۈزىدە لەيلەپ تۇرۇش ئۈچۈن سۇ ئۈزۈش پالىقى ئىشلىتىسىلەر، لېكىن بىزنىڭ بەدىنىمىزدىكى ھاۋا بىزنى ھەرۋاقتى سۇ ئۈستىدە لەيلىتىپ تۇرىدۇ» دېدى ئۆردەك.

ئەھمەد يەنە چۈشەنمىگەندەك قىلىپ: «لېكىن مەن سۇ ئۈزۈش پالىقى كەيگەن ۋاقتىمدا سۇ ئاستىغا چوڭقۇر چۆكەلمەيمەن. سىلەر قانداق قىلىپ سۇ ئاستىغا چوڭقۇر چۆكەلەيسىلەر؟» دەپ سورىدى.

«بىزنىڭ بەدىنىمىزدە خۇددى كىچىك شارغا ئوخشايدىغان ھاۋا خالتىمىز بار» دېدى. ئۆردەك. «بۇ ھاۋا خالتىمىز ھاۋا بىلەن توشقان چاغدا بىز سۇ يۈزىدە لەيلەپ تۇرىمىز. ئاندىن بىز سۇ ئاستىغا شۇڭغىغان ۋاقىتتا ھاۋا خالتىمىزدىكى ھاۋانى چىقىرۋېتىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىز سۇ ئاستىغا ئاسانلا شۇڭغىيالايمىز. لېكىن بەدىنىمىزدە ئازراق ھاۋا قىلىدۇ» دېدى ئۆردەك.

«شۇڭلاشقا سىلەر سۇ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرالايدىكەنسىلەر، ھەمدە سۇ ئاستىغا شۇڭغىيالايدىكەنسىلەر ھە!» دېدى ئەھمەد.

ئۆردەك داۋاملاشتۇرۇپ: «بىزنىڭ ئۈزۈش پەردىسى بار پۇتلىرىمىز بولغاچقا سۇدا ناھايىتى ئاسانلا ئۈزۈپ يۈرەلەيمىز. بىز پۇتىمىز ئالدى كەينىگە ھەركەتلەندۈرگەندە پۇتىمىزدىكى پەردىلەر كېڭىيىپ سۇغا قارشى زور بېسىپ پەيدا قىلىپ بىزنى ئىتتىرىدۇ» دېدى.

«ھە! ياز ۋاقىتلىرى سۇ ئۈزۈش پالىقى كىيىپ سۇ ئۈزسە ئىنتايىن ئاسان ھەمدە تېز ئۈزگىلى بولىدىكەندە» دېدى ئەھمەد.

« شۇنداق! ئەھمەد» دېدى ئۆردەك قوشۇلۇپ. « ئەگەر سىلەر ئىنسانلارنىڭ پۇتى ئاشۇنداق يارىتىلمىغان بولسا سىلەر زىمىندا ئۇنداق ياخشى ماڭالمىغان بولاتتىڭلار. لېكىن بىز سۇ قۇشلىرى، بىزنىڭ ھالىتىمىز، پۇتلىرىمىز بىزنىڭ سۇ ئۈزىشىمىزگە ئاسانلىق ئېلىپ كەلىدىغان يارىتىلغان» دېدى ئۆردەك.

«ھەممە ئۆردەك ئوخشاشدەك كۆرىنىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرسىدا قانداق پەرقلەر بار؟» دەپ سورىدى ئەھمەد.

«شۇنداق بىزنىڭ ھەممىمىز قارىماققا ئوخشاش» دېدى ئۆردەك. «بىراق بىز ئۆردەكلەرنىڭ ئارىسىدا روشەن پەرقلەر بار. ئەركەك ئۆردەكلەرنىڭ پەيلىرى چىشى ئۆردەكلەرنىڭ پەيلىرىدىن پارقىراق بولىدۇ. بۇ چىشى ئۆردەكلەرنىڭ

ئۆۋىسىدا تۇخۇم باسقاندا قوغدىنىش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى چىشى ئۆردەكلەرنىڭ تۈتۈق رەڭگى سەۋەبى بىلەن دۈشمەنلىرى ئۇنى كۆرەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆۋىسىدا بىخەتەر بولىدۇ. لېكىن چىشى ئۆردەكلەرنىڭ تۈتۈق رەڭگى بەزى مۇھىتلارغا ياخشى ئۆزلىشەلمىگەچكە يېقىن ئەتراپتىن قاراشقا يەنىلا بىخەتەر ئەمەس» دېدى.

«ئۇنداقتا دۈشمەنلەر ئۆۋىغا يېقىنلاپ قالغان ۋاقىتتا ئۇلار قانداق قىلىدۇ؟» دېدى ئەھمەد.

ئۆردەك جاۋاپ بېرىپ: «ئەركەك ئۆردەك ئۆزىنىڭ پەيلىرىنى تېخىمۇ پاقىرتىپ دۈشمەنىنىڭ دىققىتىنى ئۆۋىدىكى چىشى ئۆردەكتىن بۇرىۋېتىدۇ. ئەگەر دۈشمەن بەك يېقىنلاپ قالغان بولسا ئەركەك ئۆردەك دەرھال ئۈچۈپ قالايمىقان ئاۋاز پەيدا قىلىپ ھەمدە ئۆزىنىڭ بارلىق ئامالىرىنى ئىشلىتىپ دۈشمەنىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ» دېدى.

شۇ ۋاقىتتا ئەھمەد سۇدا ئۈزۈۋاتقان كىچىك ئۆردەكلەرنى كۆردى. ھەمدە ئۇلارنىڭ شۇنچە كىچىك تۇرۇپ سۇدا شۇنداق ياخشى ئۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ : «بۇ كىچىك ئۆردەكلەر قانداق قىلىپ سۇ ئۈزۈشنى شۇنچە تېز ئۆگىنىۋالدى؟» دەپ سورىدى.

«كىچىك ئۆردەكلەر تۇخۇمدىن چىقىپ بىر نەچچە سائەتتىن كېيىنلا سۇ ئۈزۈشنى ھەمدە ئۆزلىرى يېمەكلىك تېپىپ يېيىشنى ئۆگىنىدۇ» دېدى ئۆردەك چۈشەندۈرۈپ.

ئەھمەد ھەيران بولۇپ «ئۇلار تۇغۇلۇپ بىرنەچچە سائەتتىن كېيىنلا سۇغا كىرسە ئەلۋەتتە سۇ ئۈزەلمەسلىكى كېرەك ئىدى. بەلكىم ئېغىزىغا سۇ كىرىپ كېتىپ ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلۇغ ئاللا ئۇلارنى سۇدا ياشايدىغان، سۇدا ئۆزلىرىنى باقالايدىغان قىلىپ نىمە دېگەن ئۆلچەملىك ياراتقان ھە!» دەپ ئويلىدى.

ئەھمەدنىڭ بوۋىسى ئورنىدىن تۇرۇپ قىرغاقتىن ئەھمەدنىڭ قېشىغا كەلدى.

«بوۋا ئۆردەكلەر سۇدا ئىنتايىن ياخشى ئۈزىدىكەن شۇنداقمۇ؟ ھەمدە ئۇلار ئىنتايىن ئۇماق ئېكەن» دېدى.

بوۋىسى قوشۇلۇپ: «شۇنداق ئەھمەد ئۇلارنىڭ پەقەت بىرلا ئالاھىدە ئىقتىداردىن بىز ئۇلۇغ اللە نىڭ ھەربىر جانلىقنى ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە ياراتقانلىقنى كۆرۋالالايمىز. سەن ئۆردەكلەرنىڭ ئۇچالايدىغانلىقنى بىلەمسەن؟ ئۇلار ئۇچقاندا نېشاننى ئۆزگەرتىپ ئۇچالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياۋايى قۇشلارغا يەم بولمايدۇ» دېدى.

«ئۆردەكلەر يىرتقۇچلاردىن قاچقاندا نىشاننى ئۆزگەرتىشنى قانداق بىلىدىغاندۇ بوۋا؟» دەپ سورىدى.

بوۋىسى ئۇنىڭغا جاۋاپ بىرىپ: «ئۇلۇغ اللە باشقا جانلىقلارغىمۇ ئالاھىدە ئىقتىدارنى بەرگەنگە ئوخشاش بۇ ئۇماق ئۆردەكلەرگىمۇ ئۆزلىرىنى قوغداش ئىقتىدارىنى بەرگەن. اللە ئۆزى خالىغاننى يارىتىدۇ. بۇ توغۇرىسدا قۇرئانى كەرىمدە بىر ئايەت بار:

«اللە ھەر بىر جاندارنى سۇدىن ياراتتى، ئۇلارنىڭ بەزىسى قورسىقى بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى ئىككى پۇت بىلەن ماڭىدۇ، بەزىسى تۆت پۇت بىلەن ماڭىدۇ، اللە خالىغان مەخلۇقاتلارنى يارىتىدۇ، اللە ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر (45) (سۈرە نۇر 45- ئايەت)»

بوۋىسى: «بولدى ئەھمەد تاماق تەييار بۇلۇپ قالدى، بىز قايتايلى» دېدى. بۇلدۇ بوۋا مەن ساڭا ئۆردەكلەر توغۇرىسدا بىلىۋالغانلىرىمنى سۆزلەپ بىرەي دېدى ئەھمەد.

بوۋىسى: راستمۇ؟ سەن بۇلارنى نەدىن ئۆگەندىڭ؟ دەپ سورىدى.

ئەھمەد: سۈدىكى ئۆردەككە كۆز قىسىپ قويۇپ اللە قا ئامانەت ئۆردەك دېدى.

ئەھمەد بوۋىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۆردەكلەرنى ئارقىسىدا قالدۇرۇپ بوۋىسى بىلەن بىرگە اللە نىڭ مۇكەممەل يارىتىلمىشلىرى توغۇرىسىدا پاراڭلىشىپ ھەمدە ئۇنىڭغا شۈكرى ئېيتىپ ئۆيگە قاراپ يول ئالدى.

## ئۇماق ئۆزۈن قۇيرۇقلۇق تىيىن

بىلال بىلەن داۋۇد ئۆزۈندىن بىرى ناھايىتى ياخشى دوستلاردىن ئىدى. ئۇلار يېقىندا ھايۋانلارنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا بىر كىتاپ ئوقۇپ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كەتكەن ئىدى. بۇ جانىۋارلارنى تېخمۇ ياخشى چۈشىنىش نىمە دېگەن ھاياجانلىق ھە!!! بىر كۈنى كەچتە ئۆيدىكىلەر بىلەن سۆزلىشىپ ھەپتە ئاخىرىدا ئۇلارنى يېزىغا سەيلىگە ئېلىپ چىقىشقا كۈندۈردى. يولدا ئۇلار مەنزىلگە يېتىپ بارغۇچە ئۆز-ئارا ھايۋانلار توغرىسىدا سۇئال سورىشىپ ماڭدى. ئۇلار ماشىنىدىن چۈشۈپلا دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا يۈگۈرەپ ئويناشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيدىكىلىرى ئۈرۈندۇقلاردا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ كەتتى. بىلال بىلەن داۋۇد ئۇلارنىڭ ئەنسىرەپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىن ئايلىنىپ كىلىشكە رۇخسەت ئالدى.

بىردەم ماڭغاندىن كېيىن داۋۇد : «ئاۋۇ يەرگە قارا!» دېدى.

بىلال : «مىنىڭچە ئۇ تىيىن ئىكەن» دېدى.



داۋۇد: «جۇرە يېقىنراق بېرىپ قاراپ باقايلى» دېدى.

تۇيۇقسىز بىرسى شۇنداق ئۇ بىر تىيىن قارىماققا سىلەر ئىككىڭلار ناھايىتى

ھەۋەسمەن باللار ئوخشايسلەر مەن سلەرگە، سلەر بىلمەكچى بولغان ئىشلارنى ئېيتىپ بېرەي دېدى.

«بولدۇ بولسا ئېيتىپ بىرىڭ» دېدى داۋۇد.

«مەن سلەرنىڭ نىمە ئۈچۈن بۇنداق ئۆزۈن قۇيرۇقلۇقلارنىڭ بولدىغىنىدىن ھەيرانمەن؟» دېدى بىلال.

تىيىن جاۋاپ بىرىپ: «سلەرگە ئېيتىپ بېرەي! مەن دەرەخلەر ئارىسىدا خالىغان جايغا بارالايمەن. مەسلەن: مىنىڭ ئىتتىك تىرناقلىرىم بىلەن دەرەخلەرگە ئىنتايىن ئاسانلا يامىشالايمەن. ھەمدە دەرەخ شاخلىرىدا يۈگۈرەلەيمەن، ھەمدە تەتۈر ئىگىمۇ ماڭالايمەن. مىنىڭ تۇققانلىرىم ۋە مەن «قېرى تىيىنلار» دەپ ئاتىلىمىز. بىز دەرەختىن يەنە بىر دەرەخكە تۆت مېتىر يىراقلىقتىن سەكرىيەلەيمىز. بىز سەكرەپ ھاۋادا ئىككى بىلىكىمىزنى، ئىككى پۇتلىرىمىزنى ئېچىپ لەيلەپ ئۇچىمىز. بىز قۇيرۇقلىرىمىزدا تەڭپۇڭلۇقنى تەڭشەپ نىشانغا دەل بارىمىز.

داۋۇد: «مەن بىر كىتاپتىن بەزى تىيىنلار ئۇچالايدۇ دەپ ئوقۇغان. ئۇچالايدىغان تىيىنلاردا چوقۇم ئۇزۇن قۇيرۇقى بولىشى كېرەكمۇ؟» دەپ سورىدى.

«شۇنداق» دېدى تىيىن. ئاۋۇستىرالىيەدە بىرخىل ئۇچالايدىغان تىيىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىگىزلىكى 45 سانتىمېتىر بىلەن 90 سانتىمېتىر ئوتتۇرىسىدا. ئۇلار بىر دەرەخ بىلەن يەنە بىر دەرەخنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىنتايىن يىراق مۇساپىغىمۇ سەكرىيەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ قانىتىنىڭ ئورنىغا لەيلەش ياپراقچىسى بولۇپ ئۇلار دەرەخلەر ئارىسىدا خۇددى پىلانىردەك ئۇچۇپ يۈرىدۇ. ئۇچالايدىغان تىيىن بىر دەرەخنىڭ غولىدىن سەكرىگەندە ئۆزىنىڭ تېرىسىنى كەڭەيتىپ خۇددى پىلانىردەك بىر سەكرەش بىلەنلا 30 مېتىر ئارلىققا بارالايدۇ. كۆزۈتۈشلەرگە قارىغاندا ئۇلار 530 مېتىر ئارلىقنى ئارقىمۇ ئارقا 6 قېتىم سەكرەش بىلەن تاماملىغان.

بىلال ھەيران بولۇپ: «ئۇلار سەكرىگەن ۋاقىتتا شۇنچە يىراقتىكى دەرەخنىڭ مۇساپىسىنى قانداق مۆلچەرلەپ چىقىدۇ؟ ئەگەر يەر يۈزىدە بولغان بولسا توغرا ھېساپلاپ چىقىشقا مۇمكىن ئىدى؟ لېكىن ئۇلار ئازراقلا خاتالىق سادىر قىلسا سەكرەش جەريانىدا يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ» دېدى.

تېيىن قوشۇلۇپ: «ئىنتايىن توغرا. بىز سەكرىگەن ۋاقىتتا ئىنتايىن كىچىك شاخچىنى نىشانلاپ دەل جايىغا نەخ چۈشۈش ئۈچۈن ناھايىتى ئېھتىيات قىلىمىز. ئارىلىقنى توغرا ئۆلچەش ئۈچۈن بىز ئارقا پۇتلىرىمىزنى ھەمدە ئۆتكۈر كۆزلىرىمىزنى ئىشلىتىمىز. بىزنىڭ ئۆتكۈر پەنجىلىرىمىز، ھەمدە قۇيرۇقىمىز، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ئۈچۈن ياردەم بېرىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئىقتىدارنى ھەمدە ئەقلنى بەرگەن پەقەت بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز اللە دۇر.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا: ھەقىقەتەن، دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنىڭ ئارىلىقىنى، ھەمدە قانچىلىك ئېغىرلىقنى كۆتۈرەلەيدىغانلىقىنى بىرمۇ بىر ئۆلچەپ چىقىش بىز ئۈچۈن مۇمكىن ئەمەس.

داۋۇد سوراپ: «سىلەر قۇيرۇقىڭلارنى يەنە باشقا ئىشلارغىمۇ ئىشلىتەمسىلەر؟» دېدى.

بىلال: «مەن بىر ھۆججەتلىك فىلىم كۆرگەن ئىدىم. كىچىك جانۋارلار ئەگەر ھەركەت قىلمىسا ئۆزلىرىنىڭ بەدىنىدىكى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنى يوقۇتىدىكەن. سوغۇق ھاۋادا ئۇلار توختاپ قېلىش خەۋپى ئىچىدە ئىكەن. ئالاھىدىلىكى شۇكى ئۇلار سوغۇق ھاۋادا قىشلىق ئۇيقۇغا كېتىدىكەن. لېكىن اللە تېيىنلارنى نۇرغۇن ھايۋانلارغا ئوخشاش قىش پەسلىدىكى قىيىن ئەھۋالدىمۇ ئۆزلىرىنى قوغدىيالايدىغان قىلىپ ياراتقان ئىكەن. تېيىنلار قويۇق تۈكلۈك قۇيرۇقى بىلەن ئەتراپىنى ئوراپلا خۇددى تويدەكلا ئۇخلاۋېرىدىكەن. بۇ قويۇق تۈكلۈك قۇيرىقى

ئۇلارنى بۇنداق سۇغۇق كېلىماتتىا ئۇخلاۋەرسىمۇ تىوڭلاپ قېلىشتىن ساقلايدىكەن» دەپ قېتىپ قويىدى.

«شۇنداق، توغرا» دەپ جاۋاپ بەردى تېيىن. « قوۋۇرىقىمىز سۇغۇق ھاۋادىن، بىزنى ئىسسىق ساقلايدۇ. لېكىن بىزنىڭ قۇيرۇقلىرىمىزنىڭ يەنە بىر خىل ئىشلىتىش ئۇسۇلى بار. باشقا جانلىقلارغا ئوخشاش بىز تېيىنلارنىڭمۇ ئوخشىمىغان ئالاقە قىلىش ئۇسلىمىز بار. قىزىل تېيىننى مىسالغا ئالساق: ئۇلار دۈشمەنلىرىنى كۆرگەندە قۇيرۇقلىرىنى شىپپاڭشتىپ ئۆزگىچە بىرخىل ئاۋاز پەيدا قىلىدۇ» دېدى.

داۋۇد: «قارا سەن نۇرغۇن ياڭاقلارنى يىغىپسەن، قورسىقىڭ ئېچىپ كەتكەن ئوخشايدۇ» دېدى.

تېيىن داۋاملاشتۇرۇپ: «قىشتا بىزنىڭ يېمەكلىك تېپىشىمىز ئىنتايىن قىيىنغا چۈشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز يازدا قىشلىق ئۈچۈن تەييارلىق قىلىمىز. بىز يېمەكلىكىمىزنى ساقلاش ئۈچۈن ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىمىز. بىز مېۋىلەرنى ساقلىيالمايمىز، چۈنكى ئۇ ئۇزۇنغا قالماي سېسىپ كېتىدۇ. قىشتا ئاچ قالماسلىقىمىز ئۈچۈن بىز مۇشۇنداق ياڭاق، ھەمدە ياڭاق شەكىلدىكى شاكاللىق مېۋىلەرنى يىغىپ ساقلايمىز. مەنمۇ بۇ ياڭاقلارنى قىشتا يېيىش ئۈچۈن ساقلايمەن» دېدى.

داۋۇدۇ: «الله بارلىق جانلىقلارغا يېمەكلىكنى قانداق تېپىشنى ھەمدە قانداق ساقلاشنى ئۆگەتكەن. ئۇ الله ئۆزى ياراتقان ھەر بىر جانلىقنىڭ كۈندىلىك يېمەكلىكنى بېرىپ تۇرىدۇ. الله نىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرىسى «رىزىق بەرگۈچى» چۈنكى ئۇ ئۆزى ياراتقان ھەر بىر جانلىققا رىزىق بېرىپ تۇرىدۇ. الله قۇرئاندا ئۆزىنىڭ ناھايىتى مېھرى شەپقەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ مۇنداق دەيدۇ:

«نۇرغۇن ھايۋانلار ئۆز رىزقىنى ئۇستىگە ئالالمايدۇ (يەنى ئۆز رىزقىنى تېپىپ يىيىشتىن ئاجىزدۇر) ، ئۇلارنى ۋە سىلەرنى الله رىزىقلاندۇرىدۇ، الله (سۆزۈڭلارنى)

**ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر (60) (سۈرە ئەنكەبۇت 60 ئايەت)»**

ئاندىن تيىن: «اللە ياراتقان ھەر بىر جانلىققا ئۆزلىرى ياشىغان مۇھىتقا ماسلىشىش ئىقتىدارىنى بەرگەن. بىزگە يىمەكلىكلەرنى تېپىپ ساقلاشلا كۇپايە قىلمايدۇ. قىش كەلگەندە بىز ئۇ يىمەكلىكلەرنى ساقلايدىغان جاي تېپىشىمىز كېرەك. بىز بۇ ئىشلارنىمۇ ئۇلۇغ اللە نىڭ بىزلەرگە بەرگەن پۇراش ئىقتىدارىمىز بىلەن قىلالايمىز. بىز 30 سانتىمېتىر قار ئاستىدىكى ياڭاقنى پۇراپ تاپالايمىز. بىز يىققان يىمەكلىكلىرىمىزنى نۇرغۇن جايلاردا ساقلايمىز. لېكىن كېيىن بىز ئۇنى ئۇنتۇپ قالىمىز. اللە بىزنى روشەن مەقسەت بىلەن ئۇنتۇلدۇردىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىز يەر ئاستىدا ساقلاپ قويغان يىمەكلىكلەردىن يېڭى كۆچەتلەر ئۈنۈپ چىقىدۇ» دېدى.

بىلال ئويلىنىپ : «ياڭاق ۋە كاشتانلارنىڭ شاكىلى ئىنتايىن قاتتىق. بىز ياڭاق چاققۇچ بىلەن ئۇنى چاقىمىز، سىلەر ئۇلارنى ياڭاق چاققۇچ يوق ئەھۋالدا قانداق ئاچىسىلەر؟» دېدى.

«بىزنىڭ ئىنسانلارنىڭ چىشىدىن قاتتىقراق ، كۆچلۈكرەك ھەمدە ئىتتىك چىشلىرىمىز بار. بىزنىڭ ئۇدۇلدىكى چىشلىرىمىز، «ئۇدۇل چىش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ چىشلاردا قاتتىق ماتېرىياللارنى بىر تەرەپ قىلىمىز. ئۇنىڭ كەينىدىكى چىشلىرىمىز بولسا ئېزىق چىشلىرىمىزدۇر. بىزگە بۇ چىشلارنى بەرگەن اللە قا كۆپ شۈكرى، بىز بۇ چىشلار ئارقىلىق ھەرقانچە قاتتىق ياڭاق بولسىمۇ قىنالماستىن بىر تەرەپ قىلالايمىز» دېدى.

«سىلەرنىڭ چىشلىرىڭلار زەخىملەنمەمدۇ؟» دېدى داۋۇد.

تيىن چۈشەندۈرۈپ: « مانا ئىككىڭلار ئۇلۇغ اللە نىڭ ئىنتايىن مۇكەممەل بولغان كائىناتنى ۋە جانلىقلارنى يارىتىش قۇدرىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر. ئەگەر

چىشلىرىمىز چۈشۈپ كەتسە يەنە بىرسى ئۈنۈپ چىقىدۇ. الله بىز ئىنسانلارغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاتا قىلغان» دېدى.

بىلال:« قۇرئان كەرىم بىزگە اللە نىڭ بارلىق يارىتىلمىشلىرىغا ئىشىندىغان قەۋىم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەرنىڭ بارلىقىنى ئېيتىدۇ.

« سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلاردا ۋە (اللە زېمىندا) تارقىتىۋەتكەن جانىۋارلاردا (اللە نىڭ قۇدرىتىگە) جەزمەن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار[4] . (سۈرە جاسىيە 4ـ ئايەت)»

داۋۇد قوشۇلۇپ: «بىز الله نىڭ ھەر سېكۇنت پۈتۈن ئالەملەرنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغانلىقىمىزنى ئەسلەپ تۇرىشىمىز كېرەك. ھەممە بىزگە بەرگەن رەھمەتلىرى ئۈچۈن ئۇنىڭغا شۈكرى ئېيتىشىمىز كېرەك. اللە قا قۇلچىلىق قىلىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ئىبادەت قىلىپ ئۇنىڭ رەھمىتىنى تىلىشىمىز كېرەك» دېدى.

«توغرا. سەن توغرا ئېيتتىڭ!» دېدى بىلال. داۋۇد قارا، كەچ بوپ كېتىپتۇ، بىز قايتايلى. بىزگە نۇرغۇن بىلىملەرنى ئېيتىپ بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن تېيىن دېدى بىلال .

«الله قا ئامانەت ، دوستلار دېدى» تېيىن.

## ياخشى سۆزگە ئەگىشىش كېرەك

ئەنەس ياخشى، ئەدەپلىك، تىرىشچان بالا ئىدى. مەلۇم سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ دادىسى باشقا بىر شەھەرگە كۆچۈپ كەتتى، ئەنەسمۇ دوستلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى.




ئۇزۇنغا قالماي ئەنەس ۋە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ئۆيلىرىگە كۆچۈپ كەلدى، ھەممە بىنادىكى ئەنەسنىڭ يېڭى قوشنىلىرى ئۇلارنى يوقلاپ كىردى. ئەنەس ئىنتايىن خوشال بولدى، چۈنكى ئۇ يەردە ئۆزى بىلەن تەڭ ياشتىكى بىر نەچچە بالا بار ئىدى. ئەنەس يېڭى دوستلىرىنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ قالدى، ھەمدە ئۇزۇنغا قالماي ئۇلار يېقىنلىشىپ كەتتى. لېكىن بۇ گۇرۇپپىدا ياشقا كىچىكرەك ئىسمى ئىرپان دەپ بىر بالا بولۇپ ئۇ دائىم ئۇلارنىڭ ئويناۋاتقان ئويۇنلىرىنى بۇزىۋېتەتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزى خالىغانچە ئويناشنى تەلەپ قىلاتتى ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسا ئۇلار بىلەن ئۇرۇشاتتى.

بىر كۈنى ھەممە بالىلار باغچىدا ئويناۋاتقاندا ئىرپان ئۇلارغا قېتىلدى. ئۇلار ئەنەسنىڭ يېڭى ئويۇنچۇقىنى ئويناۋاتاتتى. ئىرپاننىڭ قېتىلىشى ھەممە بالىلارنى ئەندىشىگە سالدى، چۈنكى ئۇلار ئۇ قاتناشقان ئويۇننىڭ ھەممىسىدە سوقۇشۇپ چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بالىلار بۇ قېتىم ئۇنى بىرگە ئوينىغىلى

قويمىدى. ئىرپاننىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەلدى. ئۇ ئەنەسنىڭ يېڭى ئويۇنچىقىنى ئېلىپ يەرگە قاتتىق ئېتىپ ئۇنى بۇزىۋەتتى. ئەنەس ناھايىتى خاپا بولدى، ھەمدە ئۇ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئىرپان بىلەن ئۇرۇشۇشقا باشلىدى. ئەفسار تاغا باللارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرىزىدىن سىرتقا قارىدى. ئەفسار تاغا بۇ باللارنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇ دائىم باللار بىلەن الله نىڭ بارلىقى توغرىسىدا باللار بىلەن قىزىقىپ پاراڭلىشاتتى. ئۇ باللارنىڭ ئۇرۇشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال ئۆيدىن چىقىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا چۈشتى. ئىرپان بولسا يىغلاۋاتاتتى. باللار ئەفسار تاغىغا نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە باغچىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلىششقا باشلىدى.

ئەنەس نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ: «ئەفسار تاغا مەن ۋە دوستلىرىم پەقەت سوقۇشماي ئويناىمىز، لېكىن ئىرپان دائىم بىزنىڭ ئويىنىمىزنى بۇزۇۋېتىدۇ. بىز ئىرپان بىلەن دوست بۇلۇشنى خالىمايمىز» دېدى.

«لېكىن ئۇلار مېنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىمنى قىلغىلى قويمايدۇ» دېدى ئىرپان.

ئەفسار تاغا : «بولدى باللار! بىز بەختلىك بۇلۇشنى ، ھەمدە تىنىچ تۇرمۇش كەچۈرۈشنى، دوست تېپىشنى بەخت – سائادەتلىك بۇلۇشنى ئويلايمىز. بىزنىڭ بۇ ئىشلارنى ئارزۇ قىلىشىمىزلا يەتمەيدۇ. بىز باشقىلارنىڭ بىزگە يۇقارقىلارنى بېرىشىنى ساقلاپ بۇلالمايمىز. تېنىچ تۇرمۇش كەچۈرۈش، بەخت- سائادەتلىك بۇلۇش، ياخشى دوست تېپىش، ئۆزىنى قۇربان قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر بىرەرسى ئۆزىنىلا ئويلىسا، ئۇ بىزنىڭ ئارىمىزدا بەختسىز ھېساپلىنىدۇ. لېكىن الله قا ھەققىي قورقۇپ ئىشەنگۈچىلەر بۇلارغا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار ناھايىتى مېھرىبان، شەپقەتلىك، ئۆزىنىلا ئويلىمايدىغان، ھەتتا باشقىلار ئۇلارغا يامانلىق قىلسىمۇ، ئۇلارغا يامانلىق قىلمايدىغان. باشقىلار ئۇنىڭ ياخشى ئىش قىلىپ بەرمىسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ قولىدىن

كېلىشچە ياخشىلىق قىلىدۇ، ھەرگىز رەنجىمەيدۇ. مانا بۇ خاراكتېر الله نىڭ تەقۋادار مۆئمىن بەندىلىرىنى قىلىشقا بۇيرىغان ئىشلاردىندۇر» دېدى.

ئەنەس: « ئەفسار تاغا ئۆزىداقتا بىر لۆكچەك كىلىپ بىزنى تىللىسا بىز قانداق قىلىمىز؟ » دەپ سورىدى.

ئەفسار تاغا جاۋاپ بىرىپ: «ئەلۋەتتە الله نىڭ بۇيرىغىنىنى قىلىمىز، الله قۇرئاندا بىزگە مۇنداق دېگەن:

« ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ [34]. (سۈرە فۇسسىلەت 34ـ ئايەت)»

پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ھەدىستە باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن :«كىمكى دوزاختىن ساقلىنىپ جەننەتكە كىرىشنى، الله قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىپ ئىمان بىلەن ئۆلۈشنى ئويلايدىكەن، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلسۇن ......... (مۇسلىم)»

بالىلار: سىزگە الله رەھمەت قىلسۇن ئەفسار تاغا بىز ۋەدە بىرىمىزكى الله خالىسا كەلگۈسىدە ياخشى دوستلاردىن بولۇپ كېتىمىز دېيىشتى.

## مۇسۇلمانلارنىڭ پاكىزلىقى



بىر كۈنى زەپەر ناھايىتى ھاياجانلانغان ئىدى. مۇئەللىم ئۇنىڭ «پاكلىق» نىڭ مەنىسى توغۇرىسىدا تاپشۇرۇق بەرگەن ئىدى. مۇئەللىم ئۇلاردىن مەيلى ئاڭلىغان ياكى قايسى مەنبەدىن بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، مۇشۇ تېمىدا ماتېرىيال توپلاپ كېلىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. زەپەر ئۆزى بىلىدىغان پاكلىق توغۇرسىدىكى ھەممە ئىشنى ئەسلەپ باقتى، لېكىن تېخىچە قانداق قىلىش توغۇرسىدا بىرقارارغا كېلەلمىدى. ئەلۋەتتە ئۇ ئوبيكت توغۇرسىدا كۆپ بىرنەرسە بىلمەيتتى. زەپەرنىڭ بېشىغا بىر خىيال كەلدى. مۇئەللىم ئۇنىڭغا مۇشۇ تېما توغۇرسىدا قايسى مەنبەدىن بولمىسۇن ماتېرىيال توپلاشنى ئېيتقانلىقى يادىغا كەلدى. ھەمدە ئۆزى بىلەن بىردوم بىنادا ئولتۇرىدىغان ھەمىد تاغىسىدىن سوراشنى ئويلىدى. ئۇ دەرھال قەلەم دەپتەرلىرىنى ئېلىپ، ئاپىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ ھەمىد تاغىنىڭ ئۆيىگە باردى. ھەمىد تاغا زەپەرنىڭ بۇ تېما توغۇرسىدا ئۆزى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلىكىدىن ئىنتايىن خوشال بولدى ھەمدە سۆھبەتنى باشلىۋەتتى.

زەپەر: «ھەمىد تاغا، ھەربىر كىشى شەخسى تازىلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. لېكىن مېنىڭ بەزى ساۋاقداشلىرىم ئەتىگەندە مەكتەپكە ھەتتا يۈزىنىمۇ يۇماي كېلىدۇ» دېدى.

ھەمىد تاغا جاۋاپ بېرىپ: «زەپەر، قۇرئانى كەرىمدە الله مۇسۇلمانلارغا بۇيرۇق قىلىپ پاكىز بولۇشنى، ھەمدە پاسكىنچىلىقتىن يىراق تۇرۇشنى ئېيتتى. ئەنە شۇنداق

قۇرئـانى كەرىمنـىڭ ئەخلاقىغـا ئەمەل قىلمايـدىغانلار، ھەمـمە ئـشدا ئۇنـىڭ كۆرسەتمىسىگە ئەگەشمەيدۇ ھەتتا پاكىزلىق جەھەتتىمۇ شـۇنداق، ئـۇلار مۇشـۇنداق ئەپـسۇسلىنارلىق ھـالەتكە چوڭقـۇر چۆكـۈپ كەتـكەن. مۇسـۇلمانلار بولـسا تەن جەھەتتىن ئىنتايىن پاكىزە، ئۇلارنىڭ بەدىنى، يېمەكلىكـى ۋە كـيىم ـ كېچەكلىـرى ھەتتا تۇرىدىغان جايلىرىمۇ ئىنتـايىن پـاكىزە ۋە ئىنتـايىن رەتلىـك. ئـۇلار ھەربىـر جاينى قۇرئـانى كەرىمـدە تەسـۋىرلەنگەن جەننەتـتەك پـاكىزە، نۇرلـۇق قىلىـشقا تىرىشىدۇ. الله مۇسـۇلمانلارغا پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېـرىش توغۇرىـسىدا مۇنـداق دەيدۇ: «.......... تاۋاب قىلغۇچىلارغا، قىيام قىلغۇچىلارغا، رۇكۇ قىلغۇچىلارغا، سەجدە قىلغۇچىلارغا مېنىڭ ئۆيۈمنى پاك قىلغىن [26]. (سۈرە ھەج 26ـ ئايەت)

ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار،..........
(سۈرە بەقەرە 172ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى)

كىيىمىڭنى پاك تۇت [4]. ئـازابتىن (يەنـى ئازابقـا قالدۇرىـدىغان ئـىشلاردىن) يىراق بول [5]. (سۈرە مۇددەسسىر 4ـ5 ئايەتلەر)»

زەپەر سوراپ : «مۇسۇلمان الله قۇرئـانى كەرىمـدە چۈشـۈرگەن پاكلىققا ئەمەل قىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىشى كېرەك؟» دېدى.

«الله سۈنى كىشلەرنىڭ پاكىزلىقى ئۈچۈن ياراتتى. دېدى، ھەمدى تاغا. سۇ بولـسا ئىنتايىن چوڭ رەھمەتتۇر. شۇ سەۋەبتىن بىز الله غا كۆپتىن ـ كۆپ شـۈكرى ئېيتىـشىمىز كېرەك. مۆھىم ئىشلاردىن سانىلىدىغان قولىمىزنى يۇيىدىغان، يـۈزىمىزنى يۇيىـدىغان ھەمدە چوڭ تاھارەت ئالىدىغان ئۇمـۇمى تـازىلىق ئـىشلىرىدا سـۇنى ئـىشلىتىمىز. قۇرئانى كەرىم بىزگە الله نىڭ سـۇنى بەنـدىلەرنىڭ ئـۆزلىرى پاكىزلـىشى ئۈچـۈن ئاسماندىن چۈشۈرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. «.....(تاھارەت ئېلىپ، غۇسـلى قىلىـپ) پـاك بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنى كەتكۈزۈش ئۈچـۈن، (الـلە

**نىڭ ياردىمىگە ئېشەنچ قىلىپ) كۆڭلۈڭلارنىڭ توق تۇرۇشى ئۈچۈن، قەدىمىڭلارنىڭ (قۇمغا پېتىپ كەتمەي) مەزمۇت تۇرۇشى ئۈچۈن، اﷲ سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى (11). (سۈرە ئەنفال 11- ئايەت)»**

ھەمد تاغا داۋاملاشتۇرۇپ: « بۇ ئايەتتە اﷲ ئىنسانلار شەيتاننىڭ ئۇلارغا مەينەتچىلىكنى چىرايلىق كۆرسىتىدىغانلىقى ھەمدە ئۇلارنى شەخسى تازلىق قىلىشتىن توسۇشقا ئۇرىنىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. شەيتان ئىنسانلارغا ئۆزلۈكسىز پاكىزلىق توغۇرىسدا ھەرخىل ۋەسۋەسىلەرنى قىلىپ اﷲ نىڭ يولىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ئۇرىنىدۇ. مەسىلەن: شەيتان تاماقتىن كېيىن چىشىمىزنى چوتكىلاشنى، غۇسلە قىلىشنى ئىنتايىن ئاۋارچىلىقتەك كۆرستىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كېيىن ئۇ ئىشلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىمىز. بۇنداق دائىملىق ئۇنتۇپ قېلىشلار ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ، ۋاقتىنىڭ ئۆتىشى بىلەن سالامەتلىكىمىز ياخشى بولمايدۇ. مانا بۇ شەيتاننىڭ دەل نىشانى. ئۇ ئىنسانلارنى ئۈچ كۆرۈپ ئۇلارنى دوزاخقا سۆرەپ كىرىشكە تىرىشىدۇ. ئۇلارنى پاسكىنچىلىقتا كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىنسانلاردا كۆرۈلىشى تىرىلەرنىڭ بۇزۇلىشى، چىشلارنى سىپسىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. لېكىن ھەرقانداق بىر كىشى قۇرئان كەرىمنىڭ ئەخلاقىغا ئەمەل قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بۇنداق ۋەسۋەسىلەر كار قىلمايدۇ. ئۇلاردا تازىلىققا ئەھمىيەت بەرمەسلىك كۆرۈنمەيدۇ، ئۇلار ھەرقانداق ئەھۋالدا تازىلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ» دېدى.

زەپەر: «بەزى كىشىلەرنىڭ كىيىنىشى ۋە پاكىزلىنىش ھەممە ۋاقىت ئوخشاش بولمايدىكەن. دەم ئېلىش ۋە ئالاھىدە كۈنلەردە پاكىزلىنىپ، رەتلىك كىيىنسىمۇ، باشقا ئادەتتىكى كۈنلەردە ئىنتايىن رەتسىز كىيىندىكەن. بۇلار پاكىزلىققا قانداق كۆڭۈل بۆلىدۇ؟» دەپ سورىدى.

ھەمدە تاغا جاۋاپ بېرىپ: « بەزى كىشىلەر قۇرئانى كەرىمنىڭ تازىلىققا بولغان ئەخلاقىغا تازا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەقىقى مۇسۇلمان بىلەن نىشان ـ مەقسەتلىرىدە پەرقلەر بار. بۇ كىشىلەرنىڭ بۇ نىشان ـ مەقسەتلىرى باشقىلار تەرىپىدىن تەنقىدلەنمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۇلار ئۆزلىرىنى پاكىزلىغاندا الله رازى بولىدۇ دەپ ئويلىمايدۇ. ھەمدە ئۇلار ئۆزلىرى يالغۇز تۇرغاندا ياكى ئاشۇنداق تازىلىققا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان كىشىلەر بىلەن بىرگە تۇرغاندا ئۆزلىرىنىڭ تازىلىقىغا ۋە تاشقى كۆرۈنىشىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. لېكىن ھەقىقى مۇسۇلمان ئۆزلىرىنىڭ شەخسى تازىلىقىغا باشقىلارنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئەمەس پەقەت الله نىڭ رازىلىقى ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھەرۋاقىت ھەرقانداق بىر كىشى بىلەن كۆرۈشكەن ئىنتايىن پاكىز ۋە رەتلىك كۆرۈنىدۇ» دېدى.


زەپەر: « ماڭا بۇلارنى بىلدۈرۈپ قويغانلىقىڭىز ئۈچۈن الله سىزدىن رازى بولسۇن ھەمدە تاغا. مەن سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىز توغۇرىسىدا تاپشۇرۇقلىرىمنى قانداق ئىشلەشنى ئويلاپ قويدۇم. ھەمدە مەن ھازىردىن باشلاپ ئۆزۈمنىڭ شەخسى تازىلىقىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىمەن» دېدى.

زەپەر ئۆيىگە قايتىپ تاپشۇرۇق ئىشلەشنى باشلىدى. ئۇنىڭ يازغانلىرىنى سىنىپتا ساۋاقداشلىرى تالىشىپ ئوقۇشتى. بۇلارنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇ ساۋاقداشلىرىغا قۇرئان كەرىم ئەخلاقىنىڭ ھەربىر مۇسۇلماندا كۆرۈنىشى كېرەكلىكىنى سۆزلەپ بىرىشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى.

## نەئىم بىلەن توز

نەئىم ھەپتە ئاخىرىدا ئانىسى ۋە ھەدىسى بىلەن ھايۋاناتلار باغچىسىغا باردى. ئۇ ئۆيەردىكى ئۆماق ۋە چىرايلىق ھايۋانلارنى كۆرۈپ بەكمۇ خوشال بولدى. ئۇ ھايۋانلارنىڭ بەزىسىنى تاماشا قىلدى ۋە بەزىسىگە يېمەكلىك بەردى. بىر كەپىسىز پىل بالىسى ھەدىسىنىڭ كىيىمىگە سۇ چېچىۋەتتى. نەئىم بىلەن ئاپىسى كۈلۈشۈپ كەتتى ھەمدە يوللىرىنى داۋاملاشتۇردى.

«قارا ئاۋۇ چىرايلىق توزغا» دېدى ئانىسى.



نەئىم بىلەن ھەدىسى توزنىڭ ھەققەتەن چىرايلىق ئىكەنلىكىدىن ھاياجانلاندى. نەئىم توزنى ياخشىراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى.

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، نەئىم» دېدى توز. «مەن بولسام ھايۋاناتلار دۇنياسىدا ئەڭ چىرايلىق جانۋار دەپ نامىم بار توز بولىمەن» دېدى.

نەئىم: «سىلەرنىڭ قۇيرۇقۇڭلار ھەققەتەن چىرايلىق ئىكەن. ھەممە توزنىڭ قۇيرۇقى ئوخشاشمۇ؟» دەپ سورىدى.

توز جاۋاپ بېرىپ: «ياق دوستۇم. پەقەت بىز ئەركەك تۇزلارنىڭلا شۇنداق چىرايلىق قۇيرۇقلىرىمىز بار. بىز ئۇنى پەقەت چىشى تۇزلار بىلەن جۈپلەشمەكچى بولغاندىلا ئۇلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىمىز» دېدى.

نەئىم هەيران بولۇپ: « توز ئۆزىنىڭ قۇيرۇقىنى ئاچقاندا، ئۆزىنىڭ قۇيرۇقىنى كۆرەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ قۇيرۇقىنىڭ چىرايلىقلىقىغا هەمدە جەلپ قىلارلىق ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلىدۇ؟ بىرەرسى سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ شۇنداقمۇ؟ هەتتا ئىنسانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ هالىتىنى ئەينەككە قاراش ئارقىلىق بىلىدۇ»دېدى.

«توغرا ئېيتتىڭ» دېدى توز. «بىز ئۆزىمىزنىڭ قانچىلىك چىرايلىق ئىكەنلىكىمىزنى بىلىش ئۈچۈن ئەينەككە قارىمايمىز. الله بىزگە، بىز قۇيرۇقلىرىمىزنى ئاچقاندىن كېيىن چىرايلىق، جەلپكار بولىدىغانلىقىمىزنى ئۆگەتكەن» دېدى.

نەئىم توزغا يېقىن بېرىپ قاراپ ئۇنىڭ قۇيرۇقلىرىنىڭ ئىنتايىن كۆركەم رەڭلەر بىلەن لايىھەلەنگەنلىكىنى كۆردى: «مەن ئىنتايىن كاتتا رەسىمگە قارىغاندەك بولدۇم. بۇ رەڭلەر نىمە دېگەن چىرايلىق؟!» دېدى ئۇ.

توز: «سىنىڭچە مەن قۇيرۇقۇمدىكى بۇنداق چىرايلىق رەڭلەرنى ئۆزۈم سىزالامەنمۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس دوستۇم. بىزنىڭ قۇيرۇقلىرىمىزدىكى ئالاهىدە گۈزەللىك هەرگىز ئۆزلىكىدىن كېلىپ قالغان ئەمەس. هەممە ئادەم بىزنىڭ بۇ گۈزەللىكىمىزدىن ۋە باشقا جانلىقلاردىن هەيران بولىدۇ. بۇ گۈزەللىكنى الله بىزگە يارىتىپ بەرگەن» دېدى.

نەئىم: «مەن ئەمدى چۈشەندىم، الله سىلەر تۇزلارنى شۇنداق چىرايلىق يارىتىپتىكەن. الله قا ئامانەت دوستۇم» دېدى.

نەئىم ئانىسى ۋە ھەدىسىنىڭ قېشىغا قايتقۇچە اللە نىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ھېس قىلدى. ھەمدە ئۇلارغا توزدىكى گۈزەللىكنى اللە نىڭ ياراتقانلىقىنى ئەسلەتتى.

## ئەنۋەر بىلەن كىچىك قۇش

ئەنۋەر مەكتەپتىن ئۆيگە قايتاشدا يولدا يامغۇر قاتتىق يېغىپ كەتتى. تاماقتىن كېيىن تاپشۇرۇقنى ئىشلەشتىن بۇرۇن ئاپىسىدىن بىردەم يامغۇر تاماشا قىلىشنى سورىدى. ئاپىسى قوشۇلدى. ئەنۋەر دەرىزە تۈۋىگە كېلىپ سىرتتىكى يېغىۋاتقان يامغۇرنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى. كوچىدا كۆلچەك تۇتقان كىشىلەر كېتىۋاتاتتى، كۆلچەكلىرى يوقلىرى بولسا بىنالارنىڭ دالدىسىغا كىرۋالغان ئىدى. بىردەمدىلا يامغۇر ھەممە جاينى ھۆل قىلىۋەتتى. ماشىنىلار يامغۇرلۇقلىرىنى ھەركەتلەندۈرۈپ مېڭىشىۋاتاتتى. ئۆيدە تۇرۇش نېمە دېگەن راھەت دەپ ئويلىدى ئەنۋەر، ھەممە ئاللا نىڭ ئۆزىگە تۇرۇشقا ئىسسىق ئۆي ۋە ياخشى يېمەكلىكلەرنى بەرگەنلىكىگە شۈكرى ئېيتتى. شۇ ۋاقىتتا بىر قۇشقاچ دېرىزىسىگە قوندى. ئەنۋەر بۇ بىچارە قۇش چوقۇم يامغۇردىن پاناھ ئىزدەپ كەلدى دەپ ئويلاپ دەرھال دەرىزىنى ئاچتى.

ئەنۋەر: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مېنىڭ ئىسمىم ئەنۋەر، ئۆيگە كىرگۈڭ بولسا ئۆيگە كىر!» دېدى.

قۇشقاچ: «ئاللا ساڭا رەھمەت قىلسۇن! ئەنۋەر، يامغۇر توختىغۇچە ئۆيۈڭدە تۇرۇپ تۇراي» دېدى.



ئەنۋەر: «سىرتتا تولىمۇ سوغۇق كەتكەنسەن. مەن ئىلگىرى پەقەت بىر قۇشنى بۇنداق يېقىندىن كۆرۈپ باقمىغان، قارا سېنىڭ پەيلىرىڭگە نېمە دېگەن ئىنچىكە؟ ئۇ سىنى قانداق كۆتۈرىدۇ؟» دېدى.

قۇشقاچ: «سەن توغرا ئېيتىسەن. بىز قۇشلارنىڭ ئۆزىمىزگە ماس كەلگەن ئىنچىكە پەيلىرىمىز بار.

شۇنداق بولسىمۇ پۈتلىرىمىز بىزنى ئىنتايىن ئاسانلا كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا نۇرغۇن مۇسكۇللار، ۋىنا قان تومۇرلىرى ۋە ھۈجەيرىلەر بار. ئەگەر بىزنىڭ پۇتلىرى يەنىمۇ ئىنچىكە ياكى تۇم بولۇپ كەتسە بىزنىڭ ئۈچۈشىمىزغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ» دېدى.

ئەنقەر: « ئۈچۈش بولسا كارامەت ئىش بولىشى مۇمكىن، سىنىڭ قاناتلىرىڭمۇ ئىنتايىن كىچىك ئىكەن، سەن ئۇنىڭ بىلەن ئۈچالايدىكەنسەن. لېكىن سەن ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ بۇنداق ئۇزۇن مۇساپىلەرنى دەم ئالماستىن ئۈچالايسەن؟» دېدى.

قۇشقاچ: « بىز دەسلەپ ئۈچقاندا بىزدىن ئىنتايىن كۆپ ئىنىرگىيە كېتىدۇ. چۈنكى بىزنىڭ پۈتۈن بەدىنىمىزنىڭ ئېغىرلىقى ئىككى قانتىمىزغا چۈشىدۇ. لېكىن ھاۋاغا ئۆرلەپ بولغاندا شامالدىن پايدىلىنىپ لەيلەپ ئۈچىمىز. بۇ چاغدا بىزدىن ئىنىرگە ئىنتايىن ئاز سەرىپ بولىدۇ، ھەمدە ھارمايمىز. شامال توختاپ قالغاندا بولسا يەنە قاناتلىرىمىزنى ئىشقا سالىمىز. ئۇلۇغ الله بىزلەرنى ئۇزۇن سەپەرلەرنى باسالايدىغان ئالاھىدىلىك بىلەن ياراتقان» دېدى.

ئەنقەر: «سەن ئۈچۈۋاتقان ۋاقتتا ئەتراپنى قانداق كۆرەلەيسەن؟» دەپ سورىدى.

قۇشقاچ: «بىزنىڭ ئەڭ سەزگۈر ئورگانىزىمىز بولسا كۆزلىرىمىزدۇر. الله بىزگە ئۈچۈش ئىقتىدارىنى بىرىپلا قالماستىن، دەرىجىدىن تاشقىرى كۆرۈش ئىقتىدارىنىمۇ بەرگەن. ئەگەر بىزنىڭ مۇنداق ئۇزۇن مۇساپىنى ئۈچۈش جەريانىدا بۇنداق دەرىجىدىن تاشقىرى كۆرۈش ئىقتىدارىمىز بولمىسا بىز ئۈچۈش ئىنتايىن خەتەرلىك بولغان بولاتتى. بىز ئىنتايىن يىراقتىكى ئوبيكتىنى ئادەملەردىنمۇ روشەنراق كۆرەلەيمىز، ھەمدە بىز ھەممە تەرەپنى كۆرەلەيمىز. بىز خەتەرنى بايقىغان ھامان

نىشاننى بەلگىلەپ ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئۇچىمىز. بىزنىڭ كۆزلىرىمىز بېشىمىزنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغاچقا، كۆزلىرىمىزنى ئىنسانلاردەك ھەركەتلەندۈرەلمەيمىز. لېكىن بىز بېشىمىزنى ۋە بويىنىمىز ئىنتايىن تېزلىك بىلەن ھەركەتلەندۈرۈپ پۈتۈن ئەتراپنى كۆرەلەيمىز» دەپ جاۋاپ بەردى.

ئەنۋەر: « چۈشەندىم، قۇشلار دائىم ئەتراپنى كۈرۈش ئۈچۈن بېشىنى ھەركەتلەندۈرىدىكەندە، ھەممە قۇشلارنىڭ كۆز ئوخشاشمۇ؟» دېدى.

قۇشقاچ: « مۈشۈك ياپىلاق ۋە باشقا كېچە قۇشلىرىنىڭ كۆزلىرى خېلىلا چوڭ، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىكى بەزى ھۈجەيرىلەر ئۈچۈن اللە غا كۆپ شۈكرى، ئۇلار كېچىلەردە كۆرەلەيدۇ. مۈشۈك ياپىلاق كېچىدە ئىنتايىن ياخشى ئوۋ ئوۋلايدۇ. يەنە سۇ قۇشلىرى دەپ ئاتىلىدىغان قۇشلار بار، اللە ئۇلارنى سۇ ئاستىدا ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان قىلىپ ياراتقان. ئۇلار سۇغا شۇڭغۇپ سۇدىن بېلىق ۋە دېڭىز ھاشەرەتلىرىنى تۇتۇپ يەيدۇ. اللە بۇ قۇشلارنى سۇ ئاستىدا ئىنتايىن روشەن كۆرەلەيدىغان ۋە يەمەكلىكلىرىنى تۇتۇپ يەلەيدىغان ئىقتىدار بىلەن ياراتقان» دەپ جاۋاپ بەردى.

ئەنۋەر: «نېمە ئۈچۈن ھەممە قۇشلارنىڭ تۇمشۇقى ئوخشاش بولمايدۇ؟» دەپ سورىدى.

قۇشقاچ: «اللە ئوخشىمىغان خىزمەتلەرنى قىلىدىغان ئوخشىمىغان قۇشلارنىڭ تۇمشۇقنى ئوخشىمىغان شەكىلدە ياراتقان. بىزنىڭ تۇمشۇقىمىز بىز ياۋاشاۋاتقان مۇھىتقا ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. كېپىنەك قۇرتى، قۇرتلار بىزدەك ھاشارەت يەيدىغان قۇشلار ئۈچۈن ئىنتايىن مەززىلىك. بىز مۈشۈنداق ئۆتكۈر ۋە ئىنچىكە تۇمشۇقلىرىمىز بىلەن دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئاستىدىكى كېپىنەك قۇرتى ۋە باشقا قۇرۇتلارنى ئاسانلا تۇتۇپ يەلەيمىز. بېلىق تۇتقۇچى قۇشلارنىڭ تۇمشۇقى خۇددى چۆمۈچكە

ئوخشايدىغان تۇمشۇقلىرى بىلەن سۇ ئاستىدىكى بىلىقلارنى ئاسانلا تۇتۇپ يەلەيدۇ. ئۇسۇملۇكلەر بىلەن بېقىلىدىغان قۇشلارنىڭ تۇمشۇقلىرى ئۇسۇملۇكلەرنى ئاسانلا يېيەلەيدىغان قىلىپ يارىتىلغان. ئۇلۇغ اللە يەرشارىدىكى بارلىق مەۋجۇداتقا ئۆزىگە كېرەك بولغان ئىقتىدارنى ئەڭ مۇكەممەل ھالەتتە بەرگەن» دەپ جاۋاپ بەردى.

«ئۇلار قاناتلىرىنى يايغان ۋە يىغقان ھالدا ئۇستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلارغا (ئىبرەت كۆزى بىلەن) قارىمامدۇ؟ (قاناتلىرىنى كەرگەن ۋە يىغقان ھالدا ئۇستىلىرىدە ئۇچۇۋاتقان قۇشلارنى (قاناتلىرىنى ئاچقان ۋە يىغقان چاغدا يەرگە چۈشۈپ كېتىشتىن) پەقەت اللە (قۇدرىتى بىلەن) تۇتۇپ تۇرىدۇ، اللە ھەقىقەتەن ھەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر [19] . (سۈرە مۇلك 19ـ ئايەت) »

ئەنۋەر: «سىنىڭ مىنىڭكىدەك قۇلاقلىرىڭ يوق ئىكەن، لېكىن سەن مىنىڭ سۆزلىرىمنى ئىنتايىن ئېنىق ئاڭلىيالايدىكەنسەن بۇ قانداق ئىش؟ » دەپ سورىدى.

قۇشقاچ: «ئاڭلاش ئىقتىدارى بىز قۇشلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، بىز ئۇۋنى ئوۋلاشقا، ھەمدە ئۆز- ئارا قۇشلارنى خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇشقا شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزنى قوغداشقا ئىشلىتىمىز. بەزى قۇشلارنىڭ ئاڭلاش ئەزالىرى ئىنتايىن تۆۋەن ئاۋازلارنىمۇ ئاڭلىيالايدۇ. مۇشۇك ياپىلاقنىڭ قۇلىقى ئاۋازغا ئىنتايىن سەزگۈر بولۇپ ئىنسانلار ئاڭلىيالمايدىغان ئاۋازنى ئاڭلىيالايدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى.

«ئۇلار قۇشلارنىڭ ھاۋادا ئۇچۇشقا بويسۇندۇرۇلغانلىقىنى كۆرمىدىمۇ؟ ئۇلارنى (ھاۋادىن چۈشۈپ كېتىشتىن) پەقەت اللە تۇتۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدا ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن (اللە نىڭ بىرلىكىنى كۆرستىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار (79). سۈرە نەھل 79ـ ئايەت)»

ئەنۋەر: «سىلەر قۇشلار ناھايىتى چىرايلىق سايرايسىلەر. مەن سىلەرنىڭ

ئــاۋازىڭلارنى ئاڭلاشــقا بەك ئــامراق. ســىلەر نــىمە ئۈچــۈن ساﻳراﻳــسىلەر؟» دەپ سورىدى.

قۇشقاچ: «بەزىلىرىمىز دۈشمەنلىرىمىزنى يولدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن ئۇخــشمىغان ئاۋازدا ساﻳراﻳمىز. بەزى ۋاقىتلاردا بىز ئۇۋىلىرىمىزنىڭ دەرەخ غولىــدىكى كامارلارغــا ياساﻳمىز. دۈشمەن ئۇۋىمىزغــا كىرمەكچــى بولــسا بىــز ىبلاننىــڭ ئاۋازىــدەك ئــاۋاز چىقىرىمىز، تاجاۋۇزچى ئۇ يەردە يىلان بار ئوخشايدۇ دەپ ئــويلاپ قېچــىپ كېتىــدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇۋىلىرىمىزنى ساقلاپ قالىمىز» دەپ جاۋاپ بەردى.

ئەنۋەر: «سىلەرنىڭ ئــۇۋاڭلارنى قوغــداش ئۈچــۈن يەنە قانــداق ھەركەتلەرنــى قوللىنىسىلەر؟» دەپ سورىدى.

قۇشــقاچ: « بىــز دۈشــمەننى ئــازدۇرۇش ئۈچــۈن بىــرنەچچە ﻳالغــان ئــۇۋىلارنى ياساﻳمىز. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن بىز تاجاۋۇزچىنى ئازدۇرۇۋېتىپ مەخپى جايغا يوشــۇرۇپ قويغان تۇخۇملىرىمىزنى قوغداپ قالىمىز. يەنە ئۇۋىلىرىمىزنى زەھەرلىــك ىبلانــدىن قوغداش ئۈچۈن كىرىش ئېغىزىنى يوشۇرۇپ قويۇپ ئىنتايىن مۇرەككەپ قىلىــۋېتىمىز. يەنىمۇ پەخەس بولۇش ئۈچۈن بىــز شــاخلىرىدا تىــكەن بولغــان دەرەخــلەرگە ئــۇۋا تۇزىمىز» دەپ جاۋاپ بەردى.

ئەنۋەر: « نىمە ئۈچۈن بەزى قۇشلار سۇ ئۈزەلەيدۇ؟ نىمە ئۈچۈن ھەممە قۇشلار سۇ ئۈزەلمەيدۇ؟» دەپ سورىدى.

قۇشقاچ: «الله بەزىلىرمىزنى سۇ ئۈزەلەيدىغان ئىقتىــدار بىــلەن ياراتقــان، الــلە ئۇلار سۇغا كىرگەن بىمالال ئۈزەلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا سۇ ئۆزۈش ياپراقچىسى بولغــان پــۇتلارنى بەرگەن. يەنە بەزىلىرمىــزگە ئــۈزۈش ياپراقچىــسى ئەمەس، ئــىنچىكە تىرناقلارنى بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇ قۇشلىرىدىن باشقا قۇشلار سۇدا ئۈزەلمەيــدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى.

ئەنۋەر: «خۇددى سۇ ئۇزۇش پالىقدەك! مەنمۇ سۇغا سۇ ئۇزۇش پالىقى بىلەن چۈشكەندە ناھايىتى تېز ماڭالايمەن» دېدى.

قۇشقاچ: «بەزى قۇشلارنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا مۇشۇنداق سۇ ئۇزۇش پالىقى بولىدۇ» دېدى.

ئەنۋەر بىلەن قۇشقاچ پاراڭلىشىۋاتقاندا ئەنۋەرنىڭ ئاپىسى ئۇنى چاقىرىپ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەشكە بۇيرىدى. شۇ ۋاقىتتا ھەم يامغۇرمۇ توختىغان ئىدى.

ئەنۋەر: «مەن ھۇجرامغا قايتىپ تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلىمىسەم بولمايدۇ. ئەتە مەن دوستلىرىمغا سىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارلىرىڭنى ھەمدە اللە نىڭ سىنى قانداق ياراتقانلىقى ۋە بارلىق جانلىقلارنى ئەڭ مۇكەممەل ھالەتتە ياراتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىمەن» دېدى.

قۇشقاچ: « يامغۇرمۇ توختىدى. شۇڭا مەن ئۇۋامغا قايتاي. مېنى ئۆيۈڭگە كىرگۈزگىنىڭ ئۈچۈن ساڭا اللە رەھمەت قىلسۇن!. سەن دوستلىرىڭغا بىز توغۇرلۇق سۆزلەپ بەرگەندە، يەنە ئۇلارغا بىزنى ئاسرىشنى، بىزگە تاش ئاتماسلىقنى ۋە بارلىق جانلىقلارغىمۇ شۇنداق قىلماسلىقنى ئېيتىپ قويالامسەن؟» دېدى.

ئەنۋەر: « چاتاق يوق! اللە خالىسا ئۇلارغا ئېيتىپ قويىمەن. اللە سىلەرنى ساقلىسۇن!» دېدى.


ئەنۋەر دەرىزىنى ئاچتى شۇنىڭ بىلەن قۇشقاچ تېزلىك بىلەن ئۇچۇپ كەتتى. ئەنۋەر اللە نىڭ مەخلۇقلىرىنى قوغدىشنى تەپەككۇر قىلىپ، تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەشكە ماڭدى.

## ئەلىنىڭ كىچىك دوستى

ئەلىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىر يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەن يېزىغا دالا تاماقى يېگىلى چىقتى. ئۇنىڭ ئانىسى دالا تاماقلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلىدى.

ئەلىنىڭ ئاپىسى بىر سېۋەتنى ئەلى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان سەۋزە بىلەن توشقۇزغان ئىدى. شۇ ۋاقىتتا ئەلى دەرەخ ئاستىدا ئولتۇرۇپ، سەۋزە يېگەچ كىتاپ كۆرىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز بىر تۇشقاننىڭ سېۋەتكە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەلى قىلچە قورۇقماستىن ئاستا ئورنىدىن تۇردى.

ئەلى: «قورسىقىڭ ئېچىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ تۇشقانچاق» دېدى.



تۇشقان: « شۇنداق بىز سەۋزىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمىز» دېدى.

ئەلى: «كېلە! بىز بىرگە پاراڭلاشقاچ يەيلى. مېنىڭ سەندىن سورايدىغان نۇرغۇن سۇئاللىرىم بار » دېدى.

تۇشقان سۆزىنى باشلاپ: « بىز تۇشقانلار يەر ئاستىنى كولاپ ئۇۋا ياساپ، شۇ يەردە هايات كەچۈرىمىز. سەۋزىلەر بولسا بىزنىڭ يەر ئاستى تۇرمۇشىمىزغا ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. چۈنكى ئۇ يەر ئاستىدا ئۆسىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنى ئىنتايىن ئاسان تاپالايمىز. سەۋزە بولسا بىزنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكىمىز. الله ئۇ سەۋزىلەرنى بىزنى ئاسانلا تاپالايدىغان قىلىپ ياراتقان. چۈنكى الله نىڭ ئىرادىسى شۇنداق بولغاچقا، بىزنىڭ يېمەكلىك تېپىشىمىزدا چاتاق يوق. مانا بۇ ئۇنىڭ يارىتىلمىشلىرىنىدىن بىر مۆجىزە» دېدى.

ئەلى ئويلىنىپ قالدى، ئۇ الله هايۋانلار ئۈچۈن هەممە نەرسىنى نېمە دېگەن مۇكەممەل ياراتقان هە!! ئۇ ئۆزى قش پەسلىدە يېگەن ئاپلىسىننى ئەسلەپ قالدى. ئۇنىڭ سىرتىقى شۆپىكى، هەمدە ئۇنىڭ تىلىملىرى ئىنسانلارنىڭ يېيىش ئۈچۈن نېمە دېگەن ئاسان ياراتقان هە!! ئەگەر ئۇنىڭدىن باشقا بىر شەكىلدە بولغان بولسا ئۇنى يېيىش خېلىلا قىيىنغا چۈشىشى مۇمكىن ئىدى. ئاپلىسىنلار ئىنتايىن كۆپ ۋىتامىن c لارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بۇ بىزنىڭ ساغلاملىقىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. ئەلى الله نىڭ ئاپلىسىننى تىلىملانغان شەكىلدە هەمدە ئىنسانلارنىڭ يېيىشى ئۈچۈن ئىنتايىن ئۆلچەملىك ئورالغان شەكىلدە ياراتقانلىقى ئۈچۈن الله غا شۈكرى ئېيتتى. ئەلۋەتتە يەنە الله رەهمەتلىرىدىن بىرى بىزنىڭ ئۇلارنى يېيىش ئۈچۈن بەرگەن چىشلىرىمىز. هەمدە الله تۇشقانلارغىمۇ سەۋزىلەرنى يېيىش ئۈچۈن ئۆدۈل چىشلىرىنى بەرگەن» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ئەلى: « شەپقەتلىك الله يەنە سىلەرگە يەنە قانداق ئىقتىدارنى بەردى؟» دېدى.

تۇشقان: « الله هەر بىر مەخلۇقات ئۈچۈن ئۆزىنىڭ هاياتىنى ئاسانلاشتۇرىدىغان ئىقتىدارنى بەرگەن. دۇنيادا هەرخىل ۋە ئوخشىمىغان ئىقتىداردىكى توشقانلار بار.

مەسلەن: سۇغۇق ھاۋادا ياشايدىغان تۇشقانلارنىڭ رەڭگى ئاق رەڭدە بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى قار ياغقاندا كۆرۈش ئىنتايىن تەسكە توختايدۇ. ھەمدە ئاسانلا يوشۇرنۇۋالالايدۇ. دالا تۇشقانلىرىنىڭ ماڭا ئوخشاش ئۇزۇن پۇتلىرى ۋە ئۇزۇن قۇلاقلىرى بولىدۇ. ئامرىكا قۇملۇقىدا ياشايدىغان تۇشقانلارنىڭ قۇلاقلىرى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى ئۇلارنى قۇملۇقنىڭ قىززىقلىقىدىن سالقىنداشقا ياردەم بېرىدۇ» دېدى.

« ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا مۆمىنلەر ئۈچۈن (الله نىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ھەقىقەتەن نۇرغۇن دەلىللەر بار [3] . سىلەرنىڭ يارىتىلىشىڭلاردا ۋە (الله زېمىندا تارقىتىۋەتكەن جانىۋارلاردا (الله نىڭ قۇدرىتىگە) جەزمەن ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن نۇرغۇن دەلىللەر بار [4] . (سۈرە جاسىيە 3-4- ئايەتلەر)»

ئەلى: «ھەممە ئادەم سەن بىلەن تاشپاقىنىڭ توغۇرىسىدىكى ھېكايىنى بىلىدۇ. سەن ئىنتايىن تېز يۈگرەلەيسەن شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىدى.

توشقان: «شۇنداق، مېنىڭ ئارقا پۇتلىرىم ئۇزۇنراق، شۇنداقلا ئالدى پۇتلىرىمدىن كۈچلۈكرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سائىتىگە 60 ، 70 كىلومېتىر يۈگرەلەيمەن. بەزىدە بىر سەكرەش بىلەن ئالتە مېترغىچە سەكرىيەلەيمەن » دەپ جاۋاپ بەردى.

ئەلى: « سەن يەرئاستى ئۆيۈڭنى قانداق تاپالايسەن؟ ئەگەر سەن ئۆيدە بولمىساڭ باشقا تۇشقانلار ئۆيۈڭگە كىرۋالامدۇ؟ » دەپ سورىدى.

تۇشقان : «بەزى ھايۋانلار بىرخىل پۇراقلىق ماددا بىلەن ئۆزىنىڭ تۇرىدىغان تېرىتورىيىسىگە بەلگە قىلىپ قويىدۇ. بىزنىڭ ئېغىزلىرىمىزدا بەزلەر بولۇپ بىز ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلىرىمىزگە شۇ بەزلەردىكى پۇراق بىلەن بەلگە سېلىپ قويىمىز. شۇنىڭ بىلەن باشقا تۇشقانلار ئۆيىمىزگە كىرۋالمايدۇ. ھەمدە بىز ئۆيلىرىمىزنى ئاسانلا

تاپالايمىز. ئەلۋەتتە بۇلارنى بىز ئۆزلىكىمىزدىن قىلمايمىز، لېكىن اللە نىڭ ئىلھامى بىلەن قىلىمىز» دەپ جاۋاپ بەردى.

ئەلى: «سىنىڭ قېرىنداش، ھەمشىرلىرىڭ بارمۇ؟» دەپ سورىدى.

توشقان: «بىز تۇشقانلار ناھايىتى تىز كۆپىيىمىز، بىزنىڭ ئانىلىرىمىز ئىنتايىن قىسقا بولغان 28 كۈندىن 33 كۈنگىچە بولغان ئارلىقتا ھامىلدار بۇلىدۇ. ئۇلار بىر قېتىمدا نۇرغۇن باللارنى تۇغىدۇ. مەسىلەن مىنىڭ 15 بىر تۇققىنىم بار. بۆجەنلەر ئانىسىنىڭ قېشىدا تەخمىنە بىر ئاي تۇرىدۇ. تۇشقانلارنىڭ يەنە بىر خاراكتىرى ئۇلار تۇغۇپ ئۈچ، تۆت كۈندىن كېيىنلا جۈپلىشىدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى.

شۇ ۋاقىتتا ئەلىنىڭ دادىسى كېلىپ سۆھبەتكە قاتناشتى.

دادىسى: «ھەتتا مەنمۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلمەيدىكەنمەن. اللە سىلەرگە ئىنتايىن مېھرىبان ئىكەن. اللە نىڭ ياراتقان ھەممە جانلىقلىرى ھەممە نەرسىلىرى نىمە دېگەن ئۆلچەملىك يارىتىلغان ھە!! شەپقەتلىك اللە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن :

« ئەنە شۇ اللە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، اللە دىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار ئۇ ھەر نەرسىگە ھامىيدۇر (102). (سۈرە ئەنئام 102 ئايەت)»

اللە بىزگە نۇرغۇن رەھمەتلەرنى بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۇنىڭ كۆپ شۈكرى ئېيتىشىمىز كېرەك، سىناقنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزىدىغان بۇ ھاياتىمىزدا اللە دىن ياردەم تىلىشىمىز ھەمدە مەڭگۈلۈك ھاياتقا تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك. بىلمەمسەن اللە قۇرئاندا بىزگە، بىزنى ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى ئېيتتى. بىز ئەڭ مۇھىم قىلىدىغان ئىشلىرىمىز اللە نىڭ بىزلەرگە بەرگەنلىرىگە شۈكرى ئېيتىشىمىز، ھاياتىمىزدا قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمى بۇيىچە اللە ئۈچۈنلا ياشىشىمىز

كېرەك. الله قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

« سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەپ، ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدىغانلار (يەنى ئاجىز، كەمبەغەل مۇسۇلمانلار) بىلەن سەۋرچان بولغان ھالدا بىللە بولغىن، ھاياتىي دۇنيانىڭ زىبۇ- زىننىتىنى (يەنى مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ سۆھبىتىنى) دەپ، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماي قالمىغىن، بىز دىلىنى زىكرىمىزدىن غەپلەتتە قالدۇرغان، نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن، ئىشى ھەددىدىن ئاشقان ئادەمنىڭ (سۆزى) گە ئەگەشمىگىن [28]. سۈرە كەھف 28 – ئايەت)»

ئەلى: «دادا! ئەگەر ئەتراپقا تەپەككۇر بىلەن قارايدىغان بولساق ھەممىدە الله غا شۈكرى ئېيتىشىمىز كېرەك ئىكەن شۇنداقمۇ؟ سىز ھەركۈنى كۆرىدىغان دەرەخلەر، ئۇچۇۋاتقان قۇشلار، تۇشقان قاتارلىقلارغا سىز تەپەككۇر كۆزىڭىز بىلەن قارايدىغان بولسىڭىز، سىز ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن ئەڭ مۇكەممەل لاھىيە كۆرەلەيسىز. ئۇلارنى پەقەت ئەڭ شەپقەتلىك ۋە قۇدرەتلىك الله لا بۇلارنى قىلالايدۇ شۇنداقمۇ؟ ئاددىسى بىر تۇشقان قانداق قىلىپ بۇ ئىقتىدارلارنى ئۆزلىكىدىن ئىگەللىيەلىسۇن» دېدى.

تۇشقان: «سەن توغرا ئېيتتىڭ!. ئەگەر الله بىزنى ياراتقاندا يۇقارقى ئىقتىدارلارنى بىزگە بەرمىگەن بولسا ھېچقايسىمىزدا يۇقارقى ئىقتىدارلارنى ئۆزلىكىمىزدىن ئىگەللەشكە كۈچىمىز يەتمەيتتى» دېدى.

دادىسى: « ئەلى بىزنىڭ بۇ دالا تامىقىغا كەلگەنلىكىمىز ياخشى بوپتۇ. دەسلەپتە سىنىڭ بىز بىلەن كەلگۈڭ يوق ئىدى. ئەمدى سەن بۇ تۇشقان بىلەن پاراڭلىشىپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالدىڭ» دېدى.

ئەلى: «شۇنداق دادا! بىزنىڭ پارىڭىمىز، ماڭا ھەممە ئىشتا الله نى تونۇشنى ئۆگەتتى. الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن تۇشقان. مەن دادام بىلەن قايتاي. ئانامدىن سوراپ باقاي ئەگەر بىزدە سەۋزە كۆپراق بولۇپ قالسا ساڭا قالدۇرۇپ قويايلى الله قا

ئامانەت.

تۇشقان : « ساڭا كۆپ رەھمەت ئەلى! الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن!» دېدى.

## مەقسۇد ۋە ئاسلان

مەقسۇد مەكتەپتىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ناھايىتى ھەيران قالارلىق بىر ئىش ساقلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ داداسى ئۇنىڭغا بىر ئاسلان ئەكىلىپ بەرگەن ئىدى. مەقسۇد تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن ئۇماق كىچىك ئاسلان بىلەن ئويناشقا باشلايتتى. بىر كېچىسى، مەقسۇد كارۋاتتا مۈشۈكنىڭ ئىنتايىن قاراڭغۇ كېچىدە ياتاق ئۆيدىن چىقىپ، يەنە بىر ئۆيدىكى سۈت قاچىسىنى تاپقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

مەقسۇد: « ھەيران بولغان ھالدا، قانداق قىلىپ مۈشۈنداق قاراڭغۇ كېچىدە سۈت



قاچىسىنى شۇنچە ئاسان تاپالدىڭ؟» دەپ سورىدى.

ئاسلان: « بىزنىڭ كۆرىشىمىز ئۇچۇن كۆپ نۇر كېرەك ئەمەس. بىزنىڭ كۆزلىرىمىز ئىنسانلارنىڭ كۆزلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. كۆزلىرىمىزنىڭ قارچۇقى ئىنتايىن چوڭىيىپ كېچىدە قوبۇل قىلىش مۇمكىنلا بولغان نۇرلارنى قوبۇل قىلىدۇ. بىز مۈشۈكلەرنىڭ

كۆزلىرىمىزدە، ئىنسانلاردا يوق بولغان بىرخىل قاتلام بار. ئۇ كۆز تور پەردىسىنىڭ ئارقىسىدا بولۇپ، نۇر قايتۇرىدۇ. شۇڭلاشقا بىلەن نۇر بىزنىڭ كۆز تور پەردىمىزدىن ئىككى قېتىم ئۆتىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ مۈشۈكچە قاراڭغۇ كېچىدە ئىنتايىن ياخشى كۆرەلەيدىغانلىقىمىزنىڭ ھەمدە كۆزلىرىمىزنىڭ ئىنتايىن نۇرلۇق ئىكەنلىكىنىڭ سەۋەبى. الله بىزنى ھەرقانداق شارائىتتا ھايات كەچۈرەلەيدىغان ئىقتىدار بىلەن ياراتقان. بىزنىڭ بۇ ئىقتىدارلىرىمىز ھەرگىز ئۆزلىكىدىن ياكى ۋاقىتنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۆزلىكىدىن بارلىققا كېلىپ قالغان ئەمەس. الله مۈشۈكلەرنى ۋە بارلىق مەۋجۇداتنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ياراتقان» دەپ جاۋاپ بەردى.

« مۇسا ئېيتتى: « (ئۇ) مەشرىقنىڭ، مەغرىبنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەخلۇقاتنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئەگەر سىلەر چۈشىنىدىغان بولساڭلار » (28).

(سۈرە شۇئەرا 28ـ ئايەت)»

مەقسۇد بىردەم ئويلىنۋالغاندىن كېيىن: « سىلەر ئېگىز جايلاردىن چۈشۈپ كەتسەڭلەرمۇ تىك چۈشىدىكەنسىلەر. سىلەر قانداق قىلىپ مۇشۇنداق قىلالايسىلەر؟» دەپ سورىدى.

ئاسلان: «توغرا ئېيتتىڭ. بىز مۈشۈكلەر ئەتراپتىكى ئېگىز دەرەخلەرگە يامىشىشنى ياخشى كۆرىمىز. الله بىزگە ئېگىز جايلاردىن چۈشۈپ كەتسەكمۇ يارلىنىشتىن ساقلاپ قالىدىغان ئالاھىدە ئىقتىدارنى بەرگەن. بىز چۈشۈپ كەتكەندە قۇيرۇقىمىزنى تەڭپۇڭلۇققا ئىشلىتىپ بەدىنىمىزنىڭ ئېغىرلىق كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ يەرگە پۇتىمىز بىلەن چۈشىمىز. مانا بۇ قوغدىنىش ئىقتىدارى الله نىڭ چەكسىز رەھمەت، شەپقىتىنىڭ دەلىلىدۇر» دەپ جاۋاپ بەردى.

« الله نىڭ يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنى، ئۆزىنىڭ ئەمرى بويىچە دېڭىزدا يۈرۈۋاتقان كېمىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

**(ئاسماننىڭ) زېمىنغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئاللاھ ئاسماننى تۇختىتىپ تۇرىدۇ، پەقەت ئاللاھ نىڭ ئىزنى بىلەن (ئاسماننىڭ قىيامەت بولغان چاغدا) چۈشۈپ كېتىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقەتەن ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [65]. سۈرە ھەج 65- ئايەت)»**

مەقسۇد مېھرىبانلىق بىلەن ئاسلانىنى كۆتۈرۈپ جايىغا ئېلىپ قويىدى. ھەركۈنى ئەشۇنداق ئۇماق جانلىقلارنى كۆرگەندە، ئاللاھ نىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى يارىتىش قۇدرىتىنىڭ دەلىللىرىنى تەپەككۇر قىلىدۇ. ھەمدە بارلىق جانلىقلارغا مېھرىبان بىلەن قارايدىغان بولدى.

## سەيىد ۋە كالمار بىلىق

سەيىد تەتىل مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ ۋاقىت بولسىلا سۇ ئۈزۈشكە باراتتى. ئۇنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا بىرجۇپ سۇ ئۈزۈش كۆزئەينىكى ئېلىپ بەردى ئەمدى ئۇ سۇ ئاستىغا كىرەلەيدىغان بولدى. ئۇ سۇ ئاستىغا كىرگەندىن كېيىن سۇ ئاستىدىكى ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەرگە مەپتۇن بولۇپ كەتتى. بىر قېتىم ئۇ ئۈزۈنىڭ سۇ ئۈزۈش كۆز ئەينىكى بىلەن سۇ ئاستىغا قاراۋېتىپ، بىلىققا ئوخشىمايدىغان بىر نەرسىنى كۆردى.

سەيىد: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، كىم سەن؟ ئاجايىپ جانۋار ئىكەنسەن» دەپ تولدى.



كالمار بىلىق: «مەن كالما بىلىق، كىشىلەر ھەممىشە بىزنى بىلىق بىلەن ئوخشاش دەپ قارايدۇ. لېكىن بىز خېلىلا پەرىقلىنىمىز. مەسىلەن بىزنىڭ بەدىنىمىزدە بىر تالمۇ سۆڭەك يوق» دېدى.

سەيىد : «ھەيران بۇلۇپ، ئەگەر سىنىڭ بەدىنىڭدە بىرتالمۇ سۆڭەك بولمىسا قانداق ھەركەت قىلىسەن؟» دەپ سورىدى.

كالمار بىلىق: «ئەگەر ھەققەتتى بىلگۈڭ بولسا ئېيتىپ بىرەي. بىز سەن ھەيران قالىدىغان بىرخىل يول بىلەن سۇ ئۈزىمىز. بىزنىڭ بەدىنىمىز ئىنتايىن يۇمشاق ھەمدە تېرىلىمىز بولسا ئىنتايىن نىپىز. بىزنىڭ تېرىلىرىمىزنىڭ ئاستىدا

مۇسكۇللىرىمىز بۇلۇپ بىز سۈنى بەدىنىمىزگە كىرگۈزۈپ ئاندىن سۈنى كۈچەپ چىقىرۋېتىمىز. مانا بۇ بىزنىڭ سۇ ئۈزۈش جەريانىمىز» دېدى.

سەيىد : «ماڭا تەپسىلىرەك ئېيتىپ بىرەلەمسەن؟» دېدى.

كالما بىلىق : « بېشىمىزنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېچىلىدىغان ئىككى خالتىمىز بۇلۇپ، بىز مۇشۇ ئارقىلىق بەدىنىمىزگە سۇ كىرگۈزىمىز، ئاندىن سۈنى ئىنتايىن قاتتىق بېسىم بىلەن بېشىمىزنىڭ ئاستىدىن چىقىرىمىز. بۇنىڭدىن چىققان بېسىم بىلەن بىز كۆزلىگەن نىشانىمىزغا قاراپ ھەركەت قىلالايمىز. شۇنداقلا دۈشمەنلەردىن ئىنتايىن تېزلىك بىلەن قېچىپ كېتەلەيمىز» دەپ جاۋاپ بەردى.

سەيىد: «مۇنداق دەپ تۇرايلى. ئەگەر قېچىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمىسەڭ، ئۇنداقتا قانداق قىلىسەن؟» دەپ سورىدى.

كالمار بىلىق: «ئەگەر بىز قېچىپ كېتىشكە ئۈلگىرەلمىسەك، دەرھال بۇلۇتتەك قارا رەڭلىك سۇيۇقلۇقنى دۈشمەنلەرگە پۈركەيمىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئېزىقىدۇ. بىزگە پەقەت بىرنەچچە سېكونتلا يېتەرلىك. دۈشمەنلىرىمىز بىزنى قارا بۇلۇتنىڭ ئارقىسىدىن كۆرەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز تىكىۋېتىمىز» دەپ جاۋاپ بەردى.

سەيىد: «الله سىنى سەن ئۇچرايدىغان بارلىق قىيىنچىلىقلارغا قارشى قۇراللار بىلەن قوراللاندۇرغان ئىكەن. مەن بىز ئىنسانلارنى ۋە بارلىق مەۋجۇداتنى بۇ ئىقتىدارلارنى ئۆزلىكىمىزدىن ئىگەللەپ قالغان دەپ ئويلىمايمەن» دېدى.

كالمار بىلىق: « توغرا ئېيتتىڭ سەيىد! بۇلار ئۇلۇغ، شەپقەتلىك، مېھرىبان، چەكسىز قۇدرەت ئىگىسى الله تەرىپىدىن كەلگەن . ئۇ الله بارلىق مەۋجۇداتنى ئەڭ مۇكەممەل ھالەتتە ياراتقان. ھېچقانداق بىر مەۋجۇدات بۇنداق ئىقتىدارلارغا ئۆزلىكىدىن ئىگە بولالمايدۇ. الله نىڭ قۇدرىتى ۋە ھېكمىتىنى بارلىق مەۋجۇداتتىن كۆرگىلى بولىدۇ. ھېچ نەرسە ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ» دېدى.

**سەيىد: « ماڭا يۇقارقى بىلىملەرنى ئېيتىپ بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن اللە ساڭا رەھمەت قىلسۇن بىلىق ئەپەندىم!» دېدى**

**«بىر اللە دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر؛ اللە ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر؛ ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ؛ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە اللە نىڭ (مۈلكى) دۇر؛ اللە نىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ اللە نىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن؛ اللە ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ؛ ئۇلار اللە نىڭ مەلۇماتىدىن (اللە) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، اللە نىڭ كۇرسى (مەلۇماتى) ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان ـ زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر (255) (بەقەرە سۈرىسى 255ـ ئايەت)»**

## كامال بىلەن سەقەنقۇر

كامال تەتىلدە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە دېڭىز ساھىلىغا باردى. ئۇ يەردە بىر كىچىك دۇكان ئالدىدا بېلىق قاچىسىغا سېلىپ قويۇلغان نۇغۇن دېڭىز جانلىقلىرىنى بار ئىدى. كامال بېلىق قاچىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭدا ئۈزۈۋاتقان سەقەنقۇرنى كۆردى.

كامال: «سەن خېلىلا كىچىك ئىكەنسەن، مەن تېخى سېنى خېلى چوڭ دەپ ئويلاپتىمەن؟» دېدى.



سەقەنقۇر: « توغرا ئېيتتىسە! بىزنى تېلۋىزور ۋە كىتاپلاردىن كۆرگەنلەر خېلى چوڭ دەپ ئويلايدۇ، ئەمەلىيەتتە بىز 4 سانتىمېتىردىن 30 سانتىمېتىرغىچە كېلىمىز» دېدى.

كامال يېقىن بېرىپ قاراپ: «سېنىڭ كۆزۈڭ ھەممە تەرەپكە ھەركەت قىلالايدىكەن، سەن ئەتراپىڭدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرەلەيدىكەنسەن شۇنداقمۇ؟» دېدى.

سەقەنقۇر: «تـوغرا ئېيتـتىسە! الـله بىزنىـڭ بىـشىمىزنى ئىنتـايىن ئۆلچەملىـك ياراتقان. باشقا دېڭىز جانلىقلىرىنىڭ بۇنداق ئىقتىدارى يـوق. شـۇڭا ئۇچـۇن بىـز سـۇدا تىـك هـالەتتە ئـۈزىمىز. بىـز پەقەت بىـشىمىزنى يۇقـۇرى، تـۆۋەنگىلا هەركەتلەندۈرەلەيمىز. ئەگەر باشقا جانلىقلار مۇشۇنداق قىلماقچى بولـسا ئۇلارنىـڭ باشلىرىنى ئۆلگ سولغا هەركەتلەندۈرەلمەيدۇ، هەمدە ئۆزلىرىنى خەتەردىـن سـاقلاپ قالالمايدۇ.

شەپقەتلىك الله كۆزلىرىمىزنى بىر- بىرىگە يېقىنمايدىغان هەمدە هەممە تەرەپكە ئاسانلا هەركەتلىنەلەيدىغان قىلىپ ياراتقان. كۆزلىرىمىز مـىدىرلىغان تەرەپلەرنـى ئاسانلا كۆرەلەيدۇ. شۇڭا بىلەن بىز باشلىرىمىزنى تەرەپ- تەرەپـكە بۇرىمـساقمۇ، ئەتراپىمىزدىكى هەممە ئىشلارنى كۆرەلەيمىز.

الله نىڭ بـارلىق دەرىجىـدىن تاشـقىرى بولغـان لاهىيەسـى، هەيـران قـالارلىق دەرىجىدىكى ياراتقان مەخلۇقاتلىرىدىن الله بىزگە ئۆزىنىـڭ چەكـسىز يـاراتقۇچى ئىكەنلىكىنى هەمدە چەكسىز ئىلمىنى كۆرستىدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى.

كامال يەنە بىر سۇئال ئويلاپ چىقتى: « سىنىڭ قۇيرۇقۇڭ، ياكى قاناتلىرىڭ يـوق ئىكەن، سەن قانداق قىلىپ سۇدا يۇقۇرى تۆۋەنگە ئۈزەلەيسەن ؟ »دېدى.

سەقەنقۇر: «بىزنىڭ سۇ ئۈزۈشتە ئالاهىدە سىستېمىمىز بار. بىزنىڭ ئىچىدە بىرخىـل گاز قاچىلانغان سۇ ئۈزۈش خالتىمىز بار. خالتىمىزدىكى گازنى مۇۋاپىق ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق سۇدا يۇقۇرى تۆۋەنگە ئۈزەلەيمىز. ئەگەر بۇ هاۋا خـالتىمىز بۇزۇلـۇپ قالـسا بىز دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىمىز.

باشقىچە قىلىـپ ئېيتقانـدا بىزنىـڭ سـۇ ئـۈزۈش خـالتىمىزدىكى گـازدا ئـازراقلا ئۆزگۈرۈش بولۇپ قالسا بىز ئۆلۈپ كېتىمىز. پەرۋەردىگارىمىز بىزنىڭ بۇ ئەزايىمىزنىڭ ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ياراتقان» دەپ جاۋاپ بەردى.

كامال: «نىمە دېگەن كارامەت يارىتىش بۇ!» دېدى.

سەقەنقۇر: «دوستۇم سەن كۆرگەندەك ، اللە سەقەنقۇرلارنى ھەمىدە كائىناتتىكى بارلىق جانلىقلارنى ئەڭ مۇكەممەل ھالەت بىلەن ياراتقان. بىز سەقەنقۇرلار دېڭىز ئاستىكى نۇرغۇن جانلىقلارنىڭ بىرخىلى ، ھەممە بىزنىڭ لاھىيەلىنىشىمىز. اللە نىڭ چەكسىز قۇدرىتى ۋە چەكسىز ئىلمىنىڭ مىسالىدۇر» دېدى.

كامال بىلەن سەقەنقۇرنى پارىڭى ئاخىرلاشقاندا، كامال ئاپىسىنىڭ قېشىغا قايتتى. بۇ كىچىك جانۋارلاردىكى كارامەت لاھىيە، كامالنى اللە نىڭ يارىتىش سەنئىتىنى تېخىمۇ بىلىش ئىشتىياقىغا سېلىپ قويدى.

## كەرىم بىلەن ھەسەن تاغا

كەرىم دېرىزىدىن سىرتتقا قاراپ، تاقەتسىزلىك بىلەن ھەسەن بوۋاينى ساقلاۋاتاتتى. ھەسەن بوۋاي بىلەن ۋاقىتنى بىرگە ئۆتكۈزۈش بەكمۇ كۆڭۈللۈك ئىدى. ئاخىرى ھەسەن بوۋاي يېتىپ كەلدى. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا ئىشىك ئالدىغا چىقىپ بوۋىسىنى قۇچاقلىدى. كەرىم ئارزۇ قىلغاندەك ، بوۋىسى ئۇنىڭغا ئۇ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئۇيۇنچۇق ھەمدە بىر نەچچە رەسىملىك كىتاپنى سوغات قىلىپ ئالغاچ كەلگەن ئىدى. ھەسەن بوۋاي نەۋرىسىنىڭ خوشال قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى.

ھەسەن بوۋاي: «بۈگۈن مىنىڭ شەھەر سىرتىدا ئازراق ئىشىم بار ئىدى، سەن خالىساڭ بىرگە بارامسەن» دېدى.



كەرىم خوشاللىق بىلەن قوشۇلۇپ يولغا چىقتى. ئۇلار تىزلا شەھەردىن ئايرىلدى. كەرىم بولسا ئۆزىنىڭ ھاياجانلىق سەپىرىدىن بەكمۇ خوشال ئىدى.

«ھاۋا نىمە دېگەن ساپ! ئۇ چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋالدى. بۈگۈن بىز ئۆپكىمىزنى ساپ ھاۋا بىلەن توشقۇزۇۋالدىغان بولدۇق. مەن شەھەرنىڭ ھاۋاسىنىڭمۇ مۇشۇنداق

ساپ بۇلىشنى ئارزۇ قىلىمەن» دېدى كەرىم.

ھەسەن تاغا: «بۇنداق بۇلۇش خىلىلا تەس كەرىم. ماشىنىلاردىن چىققان ئىسلار، تۇرخۇنلاردىن چىققان تۇتۇنلەر، ھەممە قىش مەزگىلىدە ھاۋانى ساپلاشتۇرىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممە شەھەردە دەرەخلەرنىڭ كەملىكى دېگەندەك مەسىلىلەر كۆپ كەرىم» دەپ جاۋاپ بەردى.

كەرىم: «مەن تۇتۇننى چۈشىنىمەن، لېكىن ئۆسۈملۈكلەرنى تولۇق چۈشۈنۈپ كەتمەيمەن. دەرەخلەر بولسا مۇۋە بېرىدۇ ھەمدە شەھەرنى گۈزەللەشتۈرىدۇ ھاۋاسىنى ساپلاشتۇرىدۇ شۇنداقمۇ؟» دېدى.

ھەسەن بوۋاي: «توغرا! دەرەخلەر شۇنداق قىلىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۇلار ھاۋانى ساپلاشتۇرىدۇ. ئۆسۈملۈكلەر جانلىقلارغا قارمۇ-قارشى ھالدا نەپەسلىنىدۇ. ئىنسانلار ۋە جانلىقلار ھاۋادىن ئوكسىگىن سۈمۈرىدۇ، ئوكسىگىننى بەدىنىدە پايدىلانغاندىن كېيىن، شۇ ھاۋانى كاربون تۆت ئوكسىد قىلىپ چىقىرىدۇ. لېكىن ئۆسۈملۈكلەر قارمۇ-قارشى ھالدا كاربون تۆت ئوكسىدنى سۈمۈرۈپ، ھاۋانى ساپلاشتۇرىدىغان ئوكسىگىن چىقىرىدۇ. يەنە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەيران قالارلىق دەرىجىدىكى ئىقتىدارلىرى بار. ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى الله ئۇلارنى ياراتقان. ئەگەر خالىساڭ مەن ئۆسۈملۈكلەر توغرىسىدا بىلگىنىمنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي» دېدى.

كەرىم ھاياجانلانغان ھالدا: « بۇلىدۇ بوۋا. مەن كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايمەن، ئېيتىپ بەرگىن!» دەپ ۋاقىردى.

ھەسەن بوۋا چوڭقۇر بىر تىنىۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى باشلاپ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نەپەسلىنىشى «فوتوسىنتېز» دەپ ئاتالىدۇ.

كەرىم: «فوتوسىنتېز» دېگەن نىمە؟» دەپ سورىدى.

ھەسەن بوۋا: «مەن ساڭا چۈشەندۈرۈپ باقاي، لېكىن ئۇ ئۇنداق ئاسان

ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئىنتايىن قىيىن ۋە مۇرەككەپ، ھەتتا ئالىملارمۇ تېخىغىچە بۇ جەرياننى مۇكەممەل چۈشۈنۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ » دېدى.




كەرىم بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن: « ئۆسۈملۈكلەر ئالىملار تېخىچە بىلىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بىر جەرياندا ھايات كەچۈرىدۇ. سىز «جەريان» دېگەن سۆزنى ئىپتقان ۋاقتتا مەن ماتىماتىكىلىق فورمۇلا ۋە مەشغۇلاتنى ئويلاپ قالدىم. ھەتتا بىزمۇ بەزىدە ماتىماتىكىدىن ئۆگىنىش قىيىن بولغان جايلارغا ئۇچرايمىز، لېكىن ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىزنىڭكىگە ئوخشاش ئىدىيەسى، بەدىنى يوق بولسىمۇ

شۇنداق ئىشلارنى قىلالايدىكەن. ئۇ دېگەن بىر مۆجىزە ئىكەن!» دېدى.

ھەسەن بوۋا كۈلۈمسىرەپ : «شۇنداق ئۇ ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە! ئۇ ئۆسۈملۈكلەر يارىتىلغان كۈندىن باشلاپ بۇ خىمىيىلىك جەرياننى ھېچقانداق مەسىلىسىز ئورۇنلاپ كەلدى. بۇنداق دېگەنلىك كاربون تۆت ئوكسىددىن شېكەر ئىشلەپ چىقىرىدىغان قۇياشنىڭ ئېنېرگىيەسى ئارقىلىق سۇ ئىشلىتىدىغان بىر زاۋۇت بار دېگەنلىك. ئۆيلىرىمىزدىكى بىز يەيدىغان پالەك، ئوسۇڭ (كۆكتات) ، سالات ، چېگىلىك (پىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك) قاتارلىقلار بىز ئۈچۈن ئۆزلۈكىسىز ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ. مانا بۇ چەكسىز ئىلىملىك ۋە شەپقەتلىك اللە نىڭ شەپقىتىنىڭ ئىنسانلارغا بولغان نەتىجىسى. ئۇ اللە ئۆسۈملۈكلەرنى ئىنسانلار ۋە بارلىق جانلىقلارغا پايدىلىق قىلىپ ياراتتى. مانا مۆكەممەل جەرياننى ھازىرقى زامان ئىنسانلار تېخنىكىسى مىليونلىغان يىللارنى سەرىپ قىلىپمۇ تولۇق چۈشىنەلمىدى. قۇرئانى كەرىمدە اللە بىزگە ئىنسانلارنىڭ ھەتتا بىر تال دەرەخنىمۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ مۇنداق دەيدۇ:

« ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، سىلەرگە بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۇنىڭ بىلەن گۈزەل باغلارنى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن كىم؟ ئۇ باغلارنىڭ دەرەخلىرىنى ئۆستۈرۈش سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ،.......(سۈرە نەمل 60- ئايەتنىڭ بىر قىسمى)»

»دېدى.

كەرىم ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مۇشۇ ئالاھىدە خىمىيەلىك جەريان تەرىپىدىن نەپەسلىنەلەيدىغانلىقنى ۋە ئۇنىڭ فوتوسىنتېز دەپ ئاتىلىدىغانلىقىدىن ھەيران بولدى. ھەمدە «بۇ جەريان قانداق يۈز بېرىدۇ؟» مۇشۇ توغۇرىسدا ئويلىنىۋاتقاندا ئۇنىڭ بوۋىسىنى ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى. «تۇپراق، سۇ، ھاۋا، قۇياش

ئېنېرگىيەسىدىن ئاڭسىز ئۆسۈملۈك ھۈجەيرىلىرى مەلۇم مىقداردا مىنېرال ماددىلارنى ۋە تۇپراقتىن سۇ قوبۇل قىلىپ ئىنسانلار ئۈچۈن مېۋىلەرنى بېرىدۇ. ئۇلار قۇياشتىن قوبۇل قىلغان ئېنېرگىيە بىلەن قوبۇل قىلغان ماتېرىياللارنى پارچىلاپ، ئاندىن كېيىن يەنە ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ مېۋە بېرىدۇ. مانا بۇ، جەريانىنىڭ سىرتقى شەكلى، ھەمدە بۇنىڭ ھەربىر باسقۇچىدىن ئاڭلىق، پاراسەتلىك پىلانىنىڭ بارلىقىنى كۆرەلەيسەن. روشەنكى، بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەيران قالارلىق دەرىجىدىكى مەشغۇلات سىستېمىسى بولسا ئىنسانلارنىڭ ھاياتى مەنبەسى ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشى مەقسەت قىلىنغان» دېدى.


كەرىم: «ئۇنداقتا يوپۇرماقلارنىڭ رولى نىمە؟» دەپ سورىدى.

ھەسەن بوۋا داۋاملاشتۇرۇپ: «سەن مەكتەپ تەجرىبخانىسىدا نەرسىلەرنى تەكشۈرىدىغان مەكروسكوپنىڭ بارلىقىنى بىلەمسەن؟ ئەگەر بىز بىر يوپۇرماقنى ئالاھىدە مىكروسكوپتا يېقىن ئەكىلىپ تەكشۈرۈپ باقىدىغان بولساق، يەنە بىر قېتىم اللە نىڭ ئاجايىپ يارىتىش سەنئىتىنى كۆرەلەيمىز. ھەربىر يوپۇرماقتا ئەڭ ياخشى بولغان ئىشلەپ چىقىرىش سىستېمىسى بار. بۇ سىستېمىنى ياخشىراق چۈشىنىش ئۈچۈن ، بىز ھەركۈنلۈك تۇرمۇشىمىزدا ئىشلىتىدىغان ئېلىكتىر ئۈسكۈنىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىز يوپۇرماقتىكى ئېلېمېنتلارنى تەكشۈرۈپ باقساق، ئۆزلۈكسىز ئاپتوماتىك تۆربا يوللىرى توختىماستىن ئىشلەپ تۇرىدىغان يېمەكلىك ئىشلەپ چىقىرىدىغان زاۋۇتنى، ئالاھىدە جەريانلار ئۈچۈن ئۆيلەرنىڭ سېلىنغانلىقىنى، قاپقاقلارنىڭ خۇددى يۇقۇرى بېسىملىق ئوچاقلارنىڭكىدەك ئىشلەيدىغانلىقىنى، ھەمدە ساناقسىز كونۇپكىلارنىڭ مىڭلىغان جەريانلارنى كونترول قىلىدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بىز يەنىمۇ تەپسىلى قاراپ باقىدىغان بولساق ۋاقىت خاتىرىلىگۈچلەرنى، تۇراقلىق تېمپېراتۇرا ساقلىغۇچىلارنى ، نەملەشتۈرۈش


ماشىنىلىرىنى، ئىسسىقلىق كونترول قىلىش مىخانىزىمىنى، ئىنكاس سىستېمىلىرىنىڭ ئالاھىدە ئورۇنلارغا جايلاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز» دېدى.

كەرىم بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن : « يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسى كىچىككىنە بىر يۇپۇرماقتا ھېچقانداق مەسىلىسىز يۈزبېرىدىغان بولسا ھەقىقەتەن ئاجايىپكەن» دېدى.

ھەسەن بوۋا كەرىمنىڭ سەمىگە سېلىپ: « مانا بۇلار ئۇلۇغ ئاللاھ تەسەۋۋۇر قىلغان ۋە لاھىيەلىگەن كارامەت سىستېمىدۇر. ئۇلۇغ ئاللاھ نىڭ ئىجازىتى بىلەن پۈتۈن دۇنيادىكى ھەر بىر يۇپۇرماقتا يۇقارقىدەك كارامەت سىستېما بولىدۇ. بۇلارنى ئۇنتىمىغىن» دېدى.



كەرىم ھەسەن بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ ئىنتايىن چوڭ بىر دەرەخنى كۆردى، ھەمدە بىر سوئال ئۇنىڭ خىيالىغا كەلدى. ئۇلار بۇ مەسىلىنى ھەل قىلماي قانداق ھايات قالىدىغاندۇ دەپ ئويلىدى ھەمدە ھەسەن بوۋايدىن : «بوۋا دەرەخلەر بەكمۇ ئېگىز ئىكەن، ئۇلار قانداق قىلىپ سۇنى يۇقۇرغا يەتكۈزۈپ تۇپراقتىن مېۋە بېرەلەيدۇ؟ ئاۋۇ دەرەخكە قاراڭ، ئۇ ئىنتايىن ئېگىز بولسىمۇ يۇقۇردىكى يۇپۇرماقلىرى ياپ - يېشىل تۇرىدۇ» دەپ سورىدى.



ھەسەن بوۋاي بېشىنى لىڭشىتىپ: « ئىسىڭدىمۇ؟ باياتىن مەن يۇپۇرماقلارنى بىر زاۋۇتقا ئوخشاتقان، بىز يەنە ئوخشتىپ باقايلى. ئۇنىڭ پۈتۈن جايلىرىنى بىر تۇربا يولى بىلەن خۇددى ئۈمۈچۈك تورىدەك قاپلانغان دەپ قىياس قىلايلى. خام ماتېرىياللار ئىشلەپ چىقىرىش سېخىغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ سېخلار ئېرىشكەن بۇ مەھسۇلاتلاردىن بىرخىل سۈيۈقلۇق ياساپ ئۇلارنى دەرەخنىڭ يۇپۇرماقلىرىغا ۋە ھەممە جايلىرىغا تەخسىم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرەخنىڭ پۈتۈن ئەزايى ئوزۇقلاندۇرۇلىدۇ. بۇ تورۇبا يوللىرى كەم بولسا بولمايدىغان ئاقما جىسىملارنى يۆتكەش مۇلازىمىتىنى ئورۇنلاپلا قالماستىن، دەرەخ ۋە يۇپۇرماقلارنىڭ ئىسكىلىت سىستېمىسىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. ئىنسانلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئۆيلەرنى مىخ ۋە ياغاچلار تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئاندىن سۇ سىستېمىسى ئايرىم- ئايرىم ھالدا بەرپا قىلىنىدۇ. بۇ بىر ئالاھىدە لايىھەلەش ئۇسۇل بولغاندەك ئۆسۈملۈكلەردىمۇ ئوخشاش ۋاقىتتا مۇشۇنداق ھالەت يۈز بېرىدۇ » دەپ جاۋاپ بەردى.

كەرىم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن : «بۇ ھەقىقەتەن كارامەت سىستېما ئىكەن، مەن ھەيران مەن .... ئۆسۈملۈكلەر ئىچىگە ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتىنى ئارلاشتۇرۇۋەتمەستىن بەلگىلەپ تۇرىدىغان سائەت ياكى كالىندار يوشۇرۇنغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ كېتىمەن. مەسىلەن: ھەر باھار پەسلى كەلگەندە گۈللەر چېچەكلەپ تولۇق چوشۇپ كەتكەن دەرەخ يوپۇرماقلىرى بىر- بىرلەپ چىقىشقا باشلايدىكەن. بۇ قانداق ئىش بوۋ؟» دەپ سورىدى.

ھەسەن بوۋاي : « ئالىملار بۇنى بىئولوگىيەلىك سائەت دەپ ئاتايدۇ. بۇ سائەت بولسا قۇياش نۇرىنىڭ ئۆسۈملۈك يوپۇرماقلىرىغا چوشكەن ۋاقىت ئۇزۇنلۇقىنى تەكشۈرۈپ ھىساپلاپ بېرىدۇ. بۇ بىئولوگىيەلىك سائەتلەر ھەربىر ئۆسۈملۈكتە بۇ ۋاقىتنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا ھىساپلاپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن: دادۇر- پۇرچاقلار ئۇستىدىن ئېلىپ بېرىلغان تەجرىبىلەرنىڭ نەتىجىسىدىن بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇلارنىڭ قايسى ۋاقىتتا تېكىلىشىدىن قەتئىي نەزەر ھەر يىلى ئوخشاش ۋاقىتتا چېچەكلەيدىغانلىقىنى بىلدۇق. ھەقىقەتەن شەپقەتلىك ئۇلۇغ ئاللە ئۆسۈملۈكلەرگە مۇشۇنداق ۋاقىت تەكشۈرگۈچلەرنى ئورۇنلاشتۇرغان» دەپ جاۋاپ بەردى.

بۇ ئىككەيلەن يول بويىدىكى بىر مۇنبەت باغنىڭ ئالدىدا توختىدى، ئاندىن باغنىڭ ئىگىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن ئالۇچىلاردىن ئۈزۈپ ئالدى بىلەن ئۇنى ئەستايىدىللىق بىلەن يۇيۇپ ئاندىن يېيىشكە باشلىدى. ئالۇچىلار بەك يېيىشلىك ئىدى. ھەسەن بوۋا كەرىمدىن «سەن ئۆسۈملۈكلەر بىزلەرگە بەرگەن ئېنىرگىيەنىڭ ئەھمىيەتتە قۇياشتىن كېلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىدى. كەرىم ھەيران بولغان ھالدا «سىز نېمە دېمەكچى؟ بىز ئالوچىدەك بىرنەرسىلەرنى يېگەندە بىز قۇياش ئېنىرگىيەسىنى بىرگە يەمدۇق؟» دەپ سورىدى.

ھەسەن بوۋا كۈلۈمسىرەپ : «ئەمەلىيەتتە بىز قۇياش ئېنېرگىيەسىنى بىۋاستە يېمەيمىز. يەرشارىنىڭ ئاساسلىق ئېنېرگىيەسىنىڭ قۇياشتىن كېلىدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. بىز ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار قۇياش ئېنېرگىيەسىنى بىۋاستە ئىشلەتمەيمىز، چۈنكى بىزدە ئۇنداق سىستېما يوق. سەن قۇياش ئېنېرگىيەسىدىن قانداق پايدىلىنىدىغانلىمىزنى بىلەمسەن؟ ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار پەقەت ئۆسۈملۈكلەر ئىشلەپ چىقارغان ئوزۇقلۇقلاردىن ئېنېرگىيەگە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن: بىز چاي ئىچكەندە ئەمەلىيەتتە قوياشدىن كەلگەن ئېنېرگىيەنى ئىچىمىز. يەنە بىز بىرەر چىشلەم بولكىنى چايناۋاتقىنىمىزدا چىشلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا قۇياش ئېنېرگىيەسى بولغان بولىدۇ. مۇسكۇللىرىمىزدىكى قۇچ- قۇۋۋەت ھەقىقەتەن قۇياش ئېنېرگىيەسىنىڭ ئالمىشىشىدىن كېلىدۇ. بۇ ئېنېرگىيەنىڭ سەۋەبى بىلەن سەن يۈگۈرەلەيسەن، ھەمدە ئويىنىيالايسەن. ئەمدى ئۆسۈملۈكلەر بۇ ئېنېرگىيەنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدۇ؟ ئۆسۈملۈكلەر قۇياش ئېنېرگىيەسىنى بىز ئۇچۇن ساقلاشتا مۇرەككەپ بولغان مەشغۇلاتلارنى ئىلىپ بارىدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆزلىرى يېمەكلىك ئىشلەپ چىقىرىشى ۋە باشقا مەخلۇقاتلار بىلەن ئوخشىماسلىقدا، ئۇلارنىڭ ھۈجەيرىلىرى بىلەن ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارنىڭ ھۈجەيرىلى ئوتتۇرىسىدا پەرىق بار. بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھۈجەيرىلىرىدە قۇياش ئېنېرگىيەسىنى بىۋاستە سۈمۈرىدىغان ئالاھىدە قۇرۇلما بار. بۇ قۇرۇلمىلارنىڭ ياردىمى ئاستىدا ئۇلار ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار يەيدىغان يېمەكلىكلەردە قۇياش ئېنېرگىيەسىنى يەتكۈزىدۇ. ھەمدە ئۇلار بۇ ئېنېرگىيەنى يېمەكلىكلەردە ئالاھىدە مەخپى فورمۇلا ئارقىلىق ساقلايدۇ» دېدى.

كەرىم خوشال ھالدا: «ئاجايىپ ئىكەن! ئۇلۇغ الله ھەممە نەرسىنى ئىنسانلارغا پايدىلىق ياراتقان ئىكەن» دېدى.

ھەسەن بوۋا قوشۇلۇپ: «بىز بۇلارنى تەپەككۇر قىلىشىمىز، ھەمدە پەرۋەردىگارىمىز اللە نىڭ بىزگە ئىنتايىن كۆپ رەھمەتلەرنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن شۈكرى ئېيتىشىمىز كېرەك. اللە قۇرئان كەرىمدە ئۇنىڭغا شۈكرى ئېيتىشىمىزنى ئېيتىپ مۇنداق دەيدۇ؛

« ئۇلار ئۇنىڭ (يەنى باغلارنىڭ) مېۋىسىنى يېسۇن، (بۇ مېۋىلەرنى) ئۇلارنىڭ قوللىرى ياراتقان ئەمەس، ئۇلار (اللە نىڭ نېمەتلىرىگە) شۈكۈر قىلمامدۇ؟ (35). (سۈرە ياسىن 35ـ ئايەت)»

كەرىمنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان دەرسى تەبىئى پەن دەرسى بولۇپ تۇيۇقسىز مەكتەپتە ئىشلىگەن بىر تەجرىبە ئۇنىڭ يادىغا كەچتى. ئاندىن ئۇ بوۋىسىغا



قاراپ بوۋا بىركۈنى بىز مەكتەپتە بىر تەجرىبە ئىشلىگەن، ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە تاپشۇرۇق بەردى. بىز بىردانە پۇرچاقنى بىر پارچە پاختىنىڭ ئارىسىغا قويۇپ، ئاندىن ئۇ پاختىنى قۇياش نۇرى چۈشىدىغان جايغا قويۇپ بىرنەچچە كۈن سۇغاردۇق. ئويلاپ باقە نىمە ئىش يۈزبەردى؟»

ھەسەن بوۋا كۈلۈمسىرەپ : «بۇ پۇرچاق بىخلاندى شۇنداقمۇ؟ بىز ئۇنى تەپەككۇر

قىلىپ باقايلى. بۇ ساڭا بىر تەبىئى ھادىسىدەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ بىر مۆجىزە. سەن بىر قۇرۇق قالپاقتىن تۇشقان چىقىـدىغان سـېھىرگەرلىك ئۇيـۇننى كۆرگەنـسەن شـۇنداقمۇ؟ مانــا بــۇ ئۇيــۇن خــۇددى پاختىــدىن ۋە توپىــدىن ئۆسـۈملۈكلەرنىڭ بىخلىنىشىغا ئوخشاپ قالىدۇ. سېرىك ئۇيۇندا بولسا بىزنىڭ كۆزلىرىمىزنى ئالدايدۇ. لېكىن كىچىككىنە ئۇرۇقتىن ئۆسۈملۈك ئۈنۈپ چىقىشى بولسا ھېچكىمنى ئالدىمايـدۇ. مۆجىزە دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. بىزنىڭ ھەممىنى بىلىپ تۇرغـۇچى رەببىمىـز، كىچىككىنە ئۇرۇقلاردىن ئۆسۈملۈكلەرنى ئۈندۈرۈپ جانلىقلارنىڭ ئۆزلىكىدىن پەيدا بولۇپ قالمىغانلىقىنى ئېنىق قىلىپ كۆرسەتتى. جانلىقلار تاسادىپىي پەيدا بولۇپ قالغان بولسا ئۇلارنىڭ ئۈچ يۈز مىليون يىللىق يىراق ئەجدادلىرىنىڭ ... كىلىپ قالغان دىگۈچىلەر ئۇلار ئۆزلىرىنى، ئۆزلىرى ئالدامدىكەن كەرىم؟» دېدى.

كەرىم : «شۇنداق بوۋا! » دېدى خوشال ھالدا.


ھەسەن بـوۋا داۋاملاشـتۇرۇپ: «ئۆسـۈملۈكلەرنىڭ كىچىـك ئۇرۇقـدىن ئۆسـۈپ چىققان بولۇكى يەر ئاسـتىدا يۇقـۇرى تەرەپـكە قـاراپ ئۆسـىدۇ. تـۇپراق ئىنتـايىن قاتتىق، ھەمدە يەر چىڭدىۋېتىلگەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنـىڭ يەر يـۈزىگە ئۆسـۈپ چىقىشى ئىنتايىن مۇشكۈل. بۇ كىچىـك ئۆسـۈملۈكلەرنىڭ بـىزدەك ئەقلـى ۋە كـۈچى يـوق، ھەمـدە ئۇلارنــىڭ بــۇ ئىــشلارنى قانــداق بىــر تەرەپ قىلىــشى بىــر مــۆجىزە ھىساپلىنىدۇ» دېدى.

كەرىم: «ئويلاپ باقايلى، بىز يەرگە ئۇرۇق تېرىساق ئۇنىڭدىن ھېچ نىمە ئۈنۈپ چىقمىسا نىمە ئىشلار يۈز بىرىپ كېتىدۇ؟ شۇنىڭ بىز يىمەكلىك ئىزدەيدىغان ئىنتايىن چوڭ مەسىلىگە يولۇقىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ۋە ھـايۋانلار يەيـدىغانغا ھـېچ نەرسە تاپالماي ئاستا- ئاستا ئۆلۈپ تۈگەيدۇ» دېدى.

ھەسەن بوۋا بېشىنى لىڭشىتىپ: «الله قۇرئانى كەرىمـدە بىزنـى ئاگاھلانـدۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

« سىلەر تېرىغان زىرائەتنى دەپ بېقىڭلارچۇ (63). ئۇنى سىلەر ئۈندۈردۈڭلارمۇ ياكى بىز ئۈندۈرۈپ (دان چىقىدىغان زىرائەت قىلىپ ئۆستۈردۇقمۇ؟) (64). ئەگەر بىز خالىساق ئەلۋەتتە ئۇنى دانسىز قۇرۇق چۆپكە ئايلاندۇراتتۇق-دە، سىلەر ئەجەپلىنىپ قايغۇراتتىڭلار (65). (سۈرە ۋاقىئە 63-65ئايەتكىچە)»

كەرىم بوۋىسى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرگەنلىرىنى تەپەككۇر قىلىپ ماڭدى ھەمدە بوۋىسىغا ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئېيتتى:



«ئۇسۇملۈكلەر بولىسا بىزنىڭ ھايات قېلىشىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىكەن. ئۇلار بىز نەپەسلىنىدىغان ھاۋانى تازىلايدىكەن، ھەمدە بىزنى باقىدىكەن، بىزگە ئىنىرگىيە بېرىدىكەن. يەنە ئۇلار بىزنى ئىنتايىن تاتلىق مېۋىلەر ۋە سەي-كۆكتاتلار بىلەن تەمىنلەيدىكەن، شۇنداقلا ھەممە جاينى چىرايلىق ھالەتكە ئېلىپ كىلىدىكەن. قاراڭ! نۇرغۇنلىغان دەرەخلەر، ھەرخىل گۈللەر، مېۋىلەر، نىمە دېگەن ياپ-يېشىللىق ھە!»

كەرىم بوۋا: «سەن ئۇنتۇپ قالغان يەنە بىر رەھمەتمۇ بار، ئۇ ئۇسۇملۈكلەردىن كىلىدۇ. الله ئۇ توغۇرىسدا قۇرئان كەرىمدە بىزگە مۇنداق دېگەن:

« الله سىلەر ئۈچۈن يېشىل دەرەختىن ئوت پەيدا قىلدى. سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئوت ياقىسىلەر (80). (سۈرە ياسىن 80- ئايەت)»

كەرىم: «شۇنداق! مەن قانداق قىلىپ ئۇنتۇپ قالغاندىمەن؟ بىز دەرەخلەردىن

بولغان ئوتتۇنلارنى قالاپ ئىسسىنىمىز. كىتاپلار، دەپتەرلەر، گىزىتلەر، ھەممە بارلىق قەغەزلەرنىڭ خام ماتېرىيالى دەرەخلەردۇر. ھەتتا، ئوت ياقىدىغان سەرەڭگىلەرمۇ، ئولتۇردىغان سافالارمۇ، ئۈستەللەر، ئىشكىلەر ۋە دەرىزىلەرمۇ ھەممىسى دەرەختىن ياسىلىدۇ» دېدى.

ھەسەن بوۋا ئۆزىنىڭ سۆزلىرىگە پۈتۈنلەي قوشۇلدى: «بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پايدىلىنىشىدىكى بىر قىسمى، ئۇلارنىڭ يەنە بىرخىل خاراكتىرى بار. جەنۇبى ئامرىكا ۋە ئوتتۇرا ئامرىكا قىتئەسىدە ئۆسىدىغان بىرخىل تال بۇلۇپ بۇ تاللار قارا ۋە يېشىل كېپىنەك قۇرتلىرى ۋە قىزىل كېپىنەكلەرنى كۆڭۈلدىكىدەك يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇخىل قۇرۇتلار مۇشۇ تاللارنىڭ ئۈستىگە تۇخۇملايدۇ. ھەممە ئۇلار تۇخۇم باسقاندا ئۇلار ئۇچۇن بۇ تاللار ئەڭ ياخشى يېمەكلىك بولالايدۇ. لېكىن مۇھىم نۇقتا شۇكى، كېپىنەكلەر تۇخۇم تۇغۇشتىن بۇرۇن تال يوپۇرماقلىرىنى ئالدى بىلەن تەكشۈرۈپ چىقىدۇ. ئەگەر باشقىلار بۇ يوپۇرماققا تۇخۇم تۇغقان بولسا ئۇلار ئىككى ئائىلىنىڭ بىر ئۆسۈملۈكتە تۇرمۇش كەچۈرىشى قىيىن دەپ بىلگەچكە، ئۇلار بۇ ئۆسۈملۈكنى تاشلاپ باشقا بىكار تاللارنى ئىزدەيدۇ.

بۇ خىل تال يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۈستىگە يېشىل دۆگىلەكلەرنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. ھەممە بىر قىسىم كېپىنەك تۇخۇمىغان ئوخشاپ قالىدىغان ماددىلارنى ئىشلەپ چىقىرىپ ئۇلارنىڭ شاخچىلىرىغا چىقىرىپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېپىنەك قۇرتلىرى ۋە كېپىنەكلەر بۇنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ يەرگە باشقا قۇرۇتلار تۇخۇم تۇغۇپتۇ دەپ ئويلاپ باشقا تاللارنى ئىزدەپ كېتىپ قالىدۇ» دېدى.

كەرىم : «نىمە دېگەن كارامەت مۇداپىئە سىستىمىسى ھە! » دېدى.

ھەسەن بوۋا: « شۇنداق كەرىم ئۇلۇغ اللە تەڭداشسىز ئىلمى بىلەن بۇ ئۆسۈملۈككە ئۆزىنى قانداق قوغداشنى ئۆگەتكەن. بۇ ھەرگىز ئۆزنىتىمىغىن بولامدۇ؟»

دېدى.

## ئوسمان تاغا ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى

ئىدرىس مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا بوۋىسىنىڭ قېشىغا سوئال سورىغىلى يۈگۈردى. بوۋا مەن سەندىن بىر سوئال سوراي دېگەن ئىدىم دېدى.

«نىمە سوئال؟ » دېدى ئوسمان بوۋا

ئىدرىس: «بوۋا ئاپتوبۇستا بىر ئايال دوستىغا سەۋرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھەمدە قۇرئان كەرىمدە ئېيتىلغان سەبىرنىڭ ھەققەتەن توغرا ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم، سىز ماڭا ئۇنىڭ قانداق گەپ ئىكەنلىكىنى دەپ بىرەلەمسىز؟ » دەپ سورىدى.

ئوسمان بوۋا بېشىنى لىڭشىتىپ: « نۇرغۇن كىشىلەر سەبىرنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ھەمدە سەۋرچان كىشىنىڭ قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. لېكىن بەزى كىشىلەر سەۋرچانلىقنى قىيىنچىلىقتا قارشى تۇرۇش دەپ چۈشىنىدۇ. لېكىن اللە تائالا قۇرئان كەرىمدە ھەقىقى سەۋرچانلىقنىڭ ئولار ئويلىغاندىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ئۇگەتتى» دېدى.



ئىدرىس يەنە بىر سوئال سوراپ: « ئۇنداقتا بوۋا قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان سەۋرچانلىقنىڭ مەنىبەسى نىمە؟ » دەپ سورىدى.

ئوسمان بوۋا: « اللە نىڭ رەھمىتىگە، ياردىمىگە ۋە مۇھەببىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن اللە نىڭ قۇرئان كەرىمدە ئېيتقان، بۇيرۇقلىرىغا ۋە قانۇنلىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىش كېرەك. اللە بەندىلىرىگە

ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە قۇرئان كەرىم ئەخلاقىغا تولۇق ئەمەل قىلىشنى بۇيرۇيدۇ. مەخپىيەتلىك شۇكى بۇ بۇيرۇقلارغا ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا سەۋرچانلىق بىلەن ئەمەل قىلىدىغان ئەڭ مۇكەممەل سەۋرچانلىق ئىماندىن كېلىدۇ. ئىمانلىق كىشى اللە نىڭ ھەممە نەرسىدىكى چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە ئىلمىنى ھەمدە ھېچقانداق ئىشنىڭ ئۇنىڭ ئىرادىسىز يۈز بەرمەيدىغانلىقىنى، سانىغۇسىز دەرىجىدىكى ياخشى ئىشلار، نەرسىلەرنىڭ اللە نىڭ ياراتقانلىقىنى بىلىدۇ» دېدى.

ئوسمان: «ئۇنداق كىشى ئۆزىگە يۈزبەرگەن ئىشلار توغرىسىدا خاپا بولماسلىقى كېرەككەن. لېكىن ھەر ۋاقىت سەۋرى قىلىشى كېرەك ئىكەندە» دېدى.

ئوسمان بوۋا كۈلۈمسىرەپ: «ئىنتايىن توغرا! اللە مۆئمىننىڭ دوستى، قوغدىغۇچىسى ۋە ياردەم قىلغۇچىسى.

اللە تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

«(ھىجرەت قىلىشنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىگە، اللە نىڭ يولىدا يەتكەن ئەزىيەتلەرگە) سەۋر قىلىدۇ، (ھەممە ئىشلىرىدا) پەرۋەردىگارىغا يۆلىنىدۇ (59).
(سۈرە ئەنكەبۇت 59ـ ئايەت)»

ئىدرىس : «ئەمدى مەن ئاپتۇبۇستىكى ئايالنىڭ دېگەنلىرىنى چۈشەندىم» دېدى.

ئوسمان بوۋا : « شۇنداق بالام ، ئىنسان سەۋرچان بولىشى كېرەك، چۈنكى اللە بۇنىڭغا بۇيرىغان، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا سەۋرچانلىقنى يوقۇتۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك. ئىنسان پۈتۈن ھاياتىدا سەۋر تاقەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىشى كېرەك» دېدى.

ئىدرىس: «اللە سىزگە رەھمەت قىلسۇن بوۋا! مەن سەۋر تاقەتنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم، اللە خالىسا بۇنى ئۆزلەشتۈرىمەن» دېدى.

# بىزنىڭ سىنىپ

دۈشەنبە كۈنى ئەتتىگەن مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ : «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئوقۇغۇچىلار» دېدى.

ساۋاقداشلار : «ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام» مۇئەللىم دەپ جاۋاپ بەردى.

مۇئەللىم: «تەتىلىڭلار قانداق ئۆتتى» دەپ سورىدى.

ساۋاقداشلار: « ئىنتايىن ياخشى ئۆتتى مۇئەللىم، بىز قار ئادەم ياساپ قار تۇپى ئېتىپ ئويىندۇق» دەپ جاۋاپ بەردى.



مۇئەللىم: «ئۇنداقتا ھەپتە ئاخىرسىدا يەنە قاردا ئويناپدىكەنسىلەر دە؟ » دېدى.

ساۋاقداشلار: «شۇنداق مۇئەللىم بىز بەك كۆڭۈللۈك ئويناپمىز» دېيىشتى.

مۇئەللىم سىنىپقا قوشمىسنى تۇرۇپ بىر قاراپ چىقتى : «بۈگۈن سىنىپقا بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار كەلمەپتۇ» دېدى.

«شۇنداق سەلىم ۋە ئائىشە كەلمىدى» دېدى ساۋاقداشلار.

مۇئەللىم : «بىلەمسىلەر ئۇلار نىمە ئۈچۈن كەلمىدى؟» دەپ سورىدى.

ئوقۇغۇچى: «ئۇلار كېسەل بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، بۈگۈن كىلەلمەيدىكەن»

دېدى.

مۇئەللىم قاپىقىنى تۈرۈپ: «شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇلار قاردا بەك ئۇزۇن ئويناپ كېتىپتۇدە» دېدى.

ساۋاقدارىشلار: «بىزمۇ قاردا ئويىنىغا، بىزمۇ كېسەل بولۇپ قالامدۇق مۇئەللىم» دەپ سورىدى.



مۇئەللىم: «ئەگەر سىلەرمۇ دېققەت قىلمىساڭلار ھەمدە قاردا بەك ئۇزۇن ئويناپ قالساڭلار كېسەل بولۇپ قېلىشىڭلار مۇمكىن» دېدى.

ساۋاقداشلار: «نىمە ئۈچۈن قار ئادەمنى كېسەل قىلىپ قويىدۇ. بىز قار ياغسا بەك خوشال بولىمىز ھەمدە قاردا ئويناشقا ئامراق» دېدى.


مۇئەللىم چۈشەندۈرۈپ: «كېشىلەرنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەپ باكتېرىيەلەر ئۇلارنىڭ بەدىنىگە كىرىدۇ. بىلەمسىلەر باكتېرىيەلەر كۆزگىلى بولمايدىغان ئورگانىزىم، ئۇلار بەدىنىمىزگە كىرىپ بىزگە زىيان يەتكۈزۈشكە ئۇرىنىدۇ. ئەگەر بىز تازىلىققا ئەھمىيەت بەرمىسەك، ھەمدە قوللىرىمىزنى يۇماي بىر نەرسە يېسەك، ئۇلار بەدىنىمىزغا كىرىپ بەدىنىمىزدە ئورۇنلىشىدۇ» دېدى.

ساۋاقداشلار: «باكتېرىيەلەر بەدىنىمىزگە كىرگەن ھامان بىز كېسەل بولامدۇق؟» دەپ سورىدى .

مۇئەللىم: «ياق! كېسەل بولمايمىز. ئاللە بىزنى ياراتقاندا بىزگە باكتېرىيەلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغان بىر ئىمونىت سېستىمىسىنى بەرگەن. بىز ئۇنى بىلمەيمىز. بۇ

ئىمونىت سىستېمىسىنىڭ ئېلېمېنتلىرى بىزنىڭ بەدىنىمىزنى بىر ئارمىيە قوغدىغاندەك قوغدايدۇ. بۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىمونىت سىستېمىسىدىكى ھەربىر ئېلېمېنت ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى مۇكەممەل ئورۇنلايدۇ» دەپ چۈشەندۈردى.

ساۋاقداشلار: «مۇئەللىم بىز ئەمسە نىمە ئۈچۈن كېسەل بولىمىز؟ ياكى بىزنىڭ ئىمونىت سىستېمىمىز ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىمامدۇ؟



مۇئەللىم: « نورمال كىشىنىڭ ئىمونىت سىستېمىسى ھەرۋاقىت ئىشلەپ تۇرىدۇ. بىز بىلمىگەن ھالدا بىزنىڭ ئىمونىت سىستېمىمىز باكتېرىيەلەرگە قارشى چوڭ ئۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ. دەسلەپتە ئۇلار باكتېرىيەلەرنىڭ بەدىنىمىزگە كىرىشىنى ئىنتايىن قاتتىق قوغدايدۇ. ئەگەر باكتېرىيەلەر بەدىنىمىزگە كىرگەن ھامان ئۇلارنى ئۆجۈقتۇرۇۋېتىدۇ» دېدى.

ساۋاقداشلار: « ئۇنداق بولسا بىز نىمە ئۈچۈن كېسەل بولۇپ قالىمىز؟» دەپ سورىدى.

مۇئەللىم: « ئەگەر بىز سىرتتا ئۇزاق مەزگىل تۇرساق، ھەمدە يېمەكلىك يېگەندە تازىلىققا دىققەت قىلمىساق، بەدىنىمىز كۈچ قۇۋۋىتىنى يوقۇتىدۇ. بۇنداق بولغاندا بىزنىڭ ئىمونىت سىستېمىمىزمۇ ئاجىزلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن باكتېرىيەلەر ھەرۋاقىت مۇكەممەل يوقۇتۇلماي بەدىنىمىزگە كىرىپ كېتىدۇ» دەپ چۈشەندۈردى.

ساۋاقداشلار: « بۇنداق بولغاندا باكتېرىيەلەر بىزنىڭ پۈتۈن بەدىنىمىزنى

ئىگەللىۋالامدۇ؟» دەپ سورىدى.

مۇئەللىم: «ياق، ئۇنداق بولغاندا بىزنىڭ ئىممۇنىت سىستېمىمىز باكتېرىيەلەرگە قارشى تېخىمۇ چوڭ ئۇرۇش قىلىدۇ. بۇ دەھشەتلىك ئۇرۇش بەدىنىمىزدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقاچقا بىز قىززىپ قالىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىز بەدىنىمىزنىڭ ئاغرىغىنىنى ھېس قىلىمىز» دەپ جاۋاپ بەردى.




ساۋاقداشلار بېشىنى لىڭشىتىپ: «شۇنداق بولغاندا بىز يېتىپ قالىدىكەنمىزدە» دېدى.

مۇئەللىم: «ئەلۋەتتە ئەگەر شۇنداق بولغاندا بىزنى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز ئارام ئېلىش. ئەگەر بىز كۆپ دەم ئېلىپ، بىرۋاقتتا دورا يەپ، تاماقنى جايىدا يىسەك، ئىممۇنىت سىستېمىمىز كۈچلىنىدۇ ھەمدە بىزگە ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار باكتېرىيەلەرنى مەغلۇپ قىلىپ ئۇلارنى بەدىنىمىز سىرتىغا چىقىرۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ساقىيىمىز» دەپ چۈشەندۈردى.

ساۋاقداشلار : «ئەمدى بىز قانداق كېسەل بولۇپ قالىدىغانلىقىمىزنى بىلىۋالدۇق، بۇندىن كېيىن قاتتىق دىققەت قىلىمىز» دىيىشتى.

مۇئەللىم: « شۇنداق! ئاللە بىزگە ئىنتايىن كاتتا رەھمەتنى بېرىپ بىزنىڭ بەدىنىمىزنى ياراتقاندا شۇنداق مۇكەممەل سىستېمىنى بەرگەن . اللەغا شۈكرى

ئېيتىشىمىز ھەمدە ئۆزىمىزدىن ياخشى خەۋەر ئېلىپ الله بىــزگە بەرگە ســاغلاملىقنى يوقۇتۇپ قويماسلىقىمىز كېرەك» دېدى.



HTTP://WWW.NURISLAM.CN